# ئۆي ـ يەر ـ مۈلۈك يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىشكە ئائىت
# قانۇن ـ نىزام، بەلگىلىمىلەردىن سوئال ـ جاۋابلار

ئەڭ يېڭى نۇسخا:

- ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى بولمىسا مەجبۇرىي چېقىشقا بولامدۇ؟
- چېقىلىدىغان ئۆي ئىگىسىنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈشكە بولامدۇ؟
- يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەكمۇ؟
- تەستىقلىتىلماي سالغان ئۆينىڭ يىغىۋېلىش ئىشى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ يەن-تېخنىكا نەشرىياتى



# ئۆي ـ يەر ـ مۈلۈك يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىشكە ئائىت قانۇن ـ نىزام، بەلگىلىمىلەردىن سوئال ـ جاۋابلار

تۈزگۈچى :   ئەركىن ئابلىمىت ئاتچاپا



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

关于房屋土地征收赔偿的法律知识：维吾尔文/
艾尔肯·阿布力米提 著．— 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.3
ISBN 978-7-5466-1187-7

Ⅰ.①关 … Ⅱ.①艾… Ⅲ.①土地征用—补偿—法规—基本知识—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）②房屋拆迁—补偿—法规—基本知识—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.① D922.39 ② D922.181

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 059332 号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئۆمەر ئىسمايىل
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: تۇرسۇنمەمەت قاسىموف
نۇربىيە ئىسمايىل
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرىمان قادىر
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت
بەت ياسىغۇچى: مەرەمنىسا ئابلىز

**ئۆي، يەر ـ مۈلۈك يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىشكە ئائىت قانۇن ـ نىزام، بەلگىلىمىلەردىن سوئال ـ جاۋابلار**

ئەركىن ئابلىمىت

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى № 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ لىنو سودا ئىشلىرى باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 6.125
2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1187 - 7
باھاسى: 20.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

بۇ يىل دۆلىتىمىز بويىچە خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 12 - بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ تۇنجى يىلى، شۇنداقلا 6 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ تۇنجى يىلى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىلنى يەنە خەلقنى بېيىتىش يىلى قىلىپ بېكىتتى. مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنىنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىچكىرىدىكى 19 ئۆلكە، شەھەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنى زور دەرىجىدە قوللىشى ۋە كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشى نەتىجىسىدە ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خەلق ئاممىسىغا نەپ بېرىدىغان، خەلقنى بېيىتىدىغان غايەت زور قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئارقا - ئارقىدىن باشلىنىپ كەتتى. شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش، كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش، شەھەرلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ئۆل - ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، ئەمىنلىك قۇرۇلۇشى، كاپالەت قۇرۇلۇشى، پاراۋانلىق قۇرۇلۇشى، تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى... دېگەندەك تۈرلەر شەھەرلەردىن تارتىپ يېزا - قىشلاقلارغىچە كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەھەتلەردىكى مەنپەئەتىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەكتە. تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارغا يەر ئىشلىتىش، كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش، كونا، خەتەرلىك ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش، چېقىش - كۆچۈرۈش، تۆلەم بېرىش، قايتا

ئورۇنلاشتۇرۇش... يۈزىسىدىن، يەر ئىشلەتكۈچىلەر، ئۆيى يىغىۋېلىنغۇچىلار ۋە بۇ قۇرۇلۇشلار بىلەن ھوقۇق - مەنپەئەتى چېتىلىدىغان كەڭ ئامما تۈرلۈك قانۇنىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. گەرچە، دۆلەت پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداش ئاڭلىقلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، تۈرلۈك قانۇن - بەلگىلىمە، قائىدە - نىزاملارنى ئارقا - ئارقىدىن تۈزۈپ ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاممىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاڭ - سەۋىيەسى تەكشى ئەمەس. بولۇپمۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يەر، ئۆي - مۈلۈك، يىغىۋېلىش (چېقىش - كۆچۈرۈش) ۋە تۆلەم قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇن- بەلگىلىمىلەرگە بولغان چۈشەنچىسى تازا يېتەرلىك ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ جانىجان ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇنسىز دەخلى - تەرۇز قىلىنىشقا ئۇچراۋاتقان بولسىمۇ قانۇنغا تايىنىپ ئۇنى قوغداشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇ جەھەتتىكى قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە قانداق ئىلتىجا قىلىشنى بىلمەيدۇ. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ خىلدىكى تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرى كىشىلەر ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈدىغان يارقىن نۇقتىلىق نازۇك مەسىلىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، بەزىدە ھەتتا خاراكتېرى ئۆتكۈر بولغان تالاش - تارتىشلارمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئېنىقكى، بۇنداق مەسىلىلەر ئادىللىق بىلەن دەل جايىدا بىر تەرەپ قىلىنمىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە مەڭگۈلۈك ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەسى مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

كەمىنە ھاجەتمەنلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجى ۋە

قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەڭ يېڭى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا ئاددىي بىر قوللانما بولۇپ، تەشنا بولغان دىللىرىغا تامچە سۇچىلىك مەلھەم بولالىسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئۈمىدتە بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم. ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقى، تەجرىبەمنىڭ كەملىكى، سەۋىيەمنىڭ چەكلىكلىكى، بولۇپمۇ خەنزۇ تىلى سەۋىيەمنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكى، شۇنداقلا قانۇن - بەلگىلىمىلەر، بولۇپمۇ يەر، ئۆي - مۈلۈك ۋە يىغىۋېلىشقا ئائىت قانۇن - نىزام، بەلگىلىمە، ئەدلىيەلىك ئىزاهات، قارار، پىكىر، ھۆججەت قاتارلىقلارنىڭ كۆپلۈكى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ يىلمۇيىل تۈزىتىلىپ، تولۇقلىنىپ تۇرۇشى، ئەكسىچە مىللىي يېزىقتىكى ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى، كونىلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ كىتاب پايدىلانغۇچىلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالمىغان بولۇشى، مۇشۇ دائىرىدىكى بارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمىگەن بولۇشى ۋە بىر قىسىم مۇھىم بىلدۈرگىلەر نەزەردىن ساقىت بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ھەتتا بەزىبىر پرىنسىپال خاتالىقلارغا يول قويۇۋېتىلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇتەخەسسىس، ئۇستازلارنىڭ، كەسىپداشلارنىڭ ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۈزگۈچىدىن

2012 - يىلى 4 - ئاي، قەشقەر.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى، يەر ۋە ئۆيگە دائىر بىلىملەر


1. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىدا يەر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟..........1

2. قانۇن بويىچە قۇرۇلۇش يەرلىرىنى ئېلىش دېگەن نېمە؟ ئىشلىتىش ھوقۇقى دېگەنچۇ؟..........2

3. قۇرۇلۇش يېرىنى ئېلىشنى قايسى ئورۇن تەستىقلايدۇ؟..........3

4. قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى دېگەن نېمە؟..........4

5. قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ مۇددىتى قانچىلىك بولىدۇ؟...5

6. قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى قانداق ئايرىپ بېرىلىدۇ ۋە قانداق سېتىپ بېرىلىدۇ؟..........6

7. قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىشتە يەر يۈزى، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى دەپ ئايرىشقا بولامدۇ؟..........8

8. قۇرۇلۇش يەرلىرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ شەكلى ۋە تەرتىپى قانداق بولىدۇ؟..........8

9. قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇشقا بولامدۇ؟..........10

10. ئىشلىتىش مۆھلىتى توشقان يەرلەر قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟..........11

11. يەردىن پايدىلىنىۋېلىش ھوقۇقى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئەھۋالدا ئەمەلدىن قالىدۇ؟..........12

12. ئۆيلۈك يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟..........13

13. ئۆيلۈك يەرنى ئىشلىتىش هوقۇقى قانداق يوقىلىدۇ؟.......... 14

14. ئۆي ئىگىدارلىق هوقۇقى دېگەن نېمە؟ ئۇ قايسى هوقۇقلارنى كۆرسىتىدۇ؟.......... 15

15. ئۆي بىلەن يەر بىر گەۋدە بولۇش دېگەن نېمە؟.......... 16

16. ئالدىن سېتىش ئىجازەتنامىسى بېجىرىلمىگەن تاۋار ئۆينى ئالدىن سېتىش توختامى كۈچكە ئىگە بولامدۇ؟.......... 16

17. تەرەققىيات سودىگىرى ئالدىن سېتىلغان تاۋار ئۆينىڭ لايىھەسىنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىۋەتسە قانداق قىلىش كېرەك؟.......... 17

18. ئالدىن سېتىۋېلىنغان تاۋار ئۆينىڭ تاپشۇرۇۋالغاندىكى كۆلىمى بىلەن توختامدا پۈتۈشكەن كۆلىمىدە پەرق بولسا قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟.......... 18

19. تاۋار ئۆي ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن سۈپىتىدە مەسىلە بارلىقى بايقالسا قانداق قىلىش كېرەك؟.......... 20

20. تاۋار ئۆينىڭ رېمونتىغا كاپالەتلىك قىلىش مۇددىتى قانداق بولىدۇ؟.......... 21

21. ئەرزان باهالىق تۇرالغۇ ئۆي دېگەن نېمە؟ ئەرزان باهالىق تۇرالغۇ ئۆينى سېتىشقا بولامدۇ؟.......... 22

22. ئەرزان باهالىق ئۆينى يەك ئىچىدە ئۆتۈنۈپ بەرسە قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟.......... 23

23. سېتىۋېلىنغان ئەرزان باهالىق ئۆينى سېتىۋېتىپ، ئىدارىنىڭ مەبلەغ جۇغلاپ ئۆي سېلىشىغا قاتناشسا بولامدۇ؟.......... 24

24. ئۆيلۈك يەرگە دائىر دەۋا ماجىرالىرىنى قەيەرگە ئەرز قىلىش كېرەك؟.......... 25

25. ئۆي سېتىش ـ سېتىۋېلىش ماجىرالىرىنىڭ دەۋا قىلىش ۋاقىت چېكى قانچىلىك بولىدۇ؟.......... 26

## ئىككىنچى، يىغىۋېلىشقا دائىر بىلىملەر

26. چېقىش ـ كۆچۈرۈش بىلەن يىغىۋېلىش بىر ئۇقۇممۇ؟......28
27. كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەردىكى ئۆينى يىغىپ ئېلىپ ئىشلىتىشكە بولامدۇ؟......28
28. دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىندىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىشقا قايسى تارماق كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ؟......29
29. ئۆي ئالغۇچى تەرەپنىڭ يىغىۋېلىش جەريانىدىكى ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى قايسىلار؟......30
30. ئۆيى يىغىۋېلىنغۇچىنىڭ يىغىۋېلىش جەريانىدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتى قايسىلار؟......32
31. دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىندىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش كېسىمى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئەھۋالدا چىقىرىلىدۇ؟......34
32. شەھەر ـ بازارلاردىكى ئۆيى يىغىپ ئېلىنىدىغانلار قانداق بېكىتىلىدۇ؟......35
33. شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش ئېلانى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىچۇ؟......35
34. يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى قانداق ئەھۋالدا ئىناۋەتسىز بولىدۇ؟......36
35. ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى بولمىغان ئۆيى ئېلىنغۇچىلار تۈزگەن يىغىۋېلىش كېلىشىمى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟......37
36. تىزىملاش رەسمىيەتلىرى بولمىغان ياكى تولۇق بولمىغان ئۆيلەر قانداق ئېلىنىدۇ؟......38
37. شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىشقا ئائىت كېلىشىم قانداق تۈزۈلىدۇ؟......38

38. ئۆيى ئېلىنغۇچى ئۆي ئالغۇچى بىلەن كېلىشەلمىسە ياكى كېلىشىم تۈزۈشكە قوشۇلمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟......39
39. كېلىشىم ھاسىل قىلماي تۇرۇپ ئۆيى ئېلىنىدىغانلارنىڭ ئۆيىنى مەجبۇرىي چېقىشقا بولامدۇ؟......40
40. ئۆيىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى بولمىسا مەجبۇرىي چېقىشقا بولامدۇ؟......41
41. ئۆيى ئېلىنغۇچىلار كېلىشىمگە ئاساسەن تۇرالغۇ ئۆيگە ئورۇنلىشالمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟......43
42. كېلىشىم تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆي ئالغۇچى بىلەن ئۆيى ئېلىنغۇچىدا ئۆزگىرىش بولسا قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟......44
43. مەدەنىي يادىكارلىقلارغا چېتىلىدىغان يىغىۋېلىش ئىشى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟......44
44. مەسچىت، بۇتخانا، چىركاۋلارغا چېتىلىدىغان يىغىۋېلىش ئىشى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟......46
45. ئۆي ئالغۇچى ئۆيى ئېلىنغۇچىنىڭ كۆچۈپ تۇرۇش مۆھلىتىنى ئېنىق بەلگىلىمىگەن بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟......47
46. ئۆيى ئېلىنغۇچىلارغا مەجبۇرلاش ۋاستىسى قوللىنىپ كۆچۈشكە زورلىغانلار قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟......48

## ئۈچىنچى، تۆلەمگە دائىر بىلىملەر

47. دۆلەت تۆلەم قانۇنى دېگەن نېمە؟......49
48. مەمۇرىي تۆلەم دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ دائىرىسىچۇ؟......49
49. قانداق ئەھۋالدا دۆلەت تۆلىمى بېرىلمەيدۇ؟......51
50. دۆلەت تۆلەم ئۆلچىمى قانداق ھېسابلىنىدۇ؟ تۆلەم تەلەپ قىلىش ۋاقىت چېكى قانداق بولىدۇ؟......51
51. ئۆيىنى يىغىۋېلىش تۆلىمى دېگەن نېمە؟ ئۇ قايسى تۈرلەرنى

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟........................................................53
52. ئۆينى يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ئۇسۇلى قانچە خىل بولىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟.......................................54
53. يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى دېگەن نېمە؟..............................................................55
54. يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ قىممىتى ياكى ئۆلچىمى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق بېكىتىلىدۇ؟.....................................56
55. يىغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش تارماقلىرىدىكى خادىملار خاتالىق ئۆتكۈزسە قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟...............57
56. تۆلەم مەبلىغىگە قانۇنسىز چېقىلغانلار قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟..................................................................58
57. ئۆي، يەر- مۈلۈكنى خاتا باھالىغانلار قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟..................................................................59
58. شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىشتا بازار باھاسىنى ئاساس قىلىش قانداق بولىدۇ؟...................................................59
59. يىغىۋېلىش تۆلىمى «ئۆي» دىن كىرىدىغان كىرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟......................................................62
60. مۈلۈك ئىگىدارلىق ھوقۇقى چەكلىك بولغان ئۆيلەرگە يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىلەمدۇ؟.....................................63
61. ئۆيى ئېلىنغۇچىلار تاللىغان تۆلەم شەكلىگە ئۆي ئالغۇچى قوشۇلمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟............................65
62. ئۆي ئالغۇچى ئۆينى يىغىۋېلىشتا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆينى مۆھلەت ئىچىدە تاپشۇرمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟...66
63. مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش دېگەن نېمە؟..................66
64. مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرىدىغان ئۆينىڭ كۆلىمى قانداق ھېسابلىنىدۇ؟..........................................................67
65. يىغىۋېلىش دائىرىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن كۆپەيتكەن

ئۆيلەرگە تۆلەم بېرىلەمدۇ؟....................68
66. ۋارىسلىق قىلغان، ھەدىيە قىلىنغان ئۆي چېقىلماقچى بولسا تۆلەمنى كىم ئېلىش كېرەك؟.....................69
67. تاۋار ئۆي رايونىدىكى يۇرۇشلۇك ئىمارەت چېقىلسا يىغىۋېلىش تۆلىمىدىن كىم مەنپەئەتلىنىدۇ؟..............69
68. ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى مۆھلەت ئىچىدە ئالالمىغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟.........70
69. خەلق سوت مەھكىمىسى يىغىۋېلىش تۆلەم ماجىرا دېلولىرىنى قانداق قوبۇل قىلىدۇ؟........................71
70. كېلىشىم تۈزمەي ئىجارە ئولتۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەت ئۆيى چېقىلماقچى بولسا، ئىجارە ئولتۇرغانلار قانداق قىلىشى كېرەك؟.........................................71

## تۆتىنچى، ئۇنىۋېرسال ساۋات

71. چېقىلىدىغان ئۆي ئىگىسىنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈشكە بولامدۇ؟..........................................73
72. ھۆكۈمەت ئۆيى دېگەن نېمە؟..........................74
73. ھۆكۈمەت ۋاكالىتەن باشقۇرۇۋاتقان ئۆي دېگەن نېمە؟.........74
74. ئىسلاھات ئۆيى دېگەن نېمە؟..........................75
75. تاۋار ئۆي دېگەن نېمە؟..............................75
76. يىغىۋېلىش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆي دېگەن نېمە؟..........................................76
77. چەكلىك مۈلۈك ھوقۇقى بولغان ئۆي دېگەن نېمە؟............77
78. ئۆينى ئالدىن سېتىۋېلىش ھوقۇقى دېگەن نېمە؟............78
79. قائىدىگە خىلاپ سېلىنغان قۇرۇلۇش دېگەن نېمە؟..........78
80. شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش دېگەن نېمە؟..................79
81. يىغىۋېلىش دائىرىسىدىكى ئۆينى سېتىشقا، ئۆزگەرتىشكە

بولامدۇ؟ ....................................................79
82. شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىشنىڭ سىياسەت ۋە قانۇن ئاساسى نېمە؟ ....................................................80
83. ئۆي يىغىۋالغۇچى تەرەپ ئۆيىنى يىغىۋېلىشتىن ئىلگىرى قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلىشى كېرەك؟ ....................83
84. ئىجارە بېرىلگەن ئۆيلەرنى يىغىۋېلىشتا، ئىجارە بەرگۈچى بىلەن ئىجارە ئالغۇچى ئىجارە مۇناسىۋىتىدە كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ....................84
85. شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش جەريانى كىملەرگە چېتىلىدۇ؟ ....................................................85
86. ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش مەزمۇنلىرى قايسىلار؟ ....................86
87. ئۆي ئالغۇچى تەرەپنىڭ ئىجارەتنامىسى بولماي تۇرۇپ يىغىۋېلىشقا بولامدۇ؟ ....................................87
88. يىغىۋېلىش مۆھلىتى خالىغانچە ئۇزارتىۋېتىلسە قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟ ....................................88
89. مال - مۈلۈكنى پېچەتلەش، تۇتۇپ قېلىش، توڭلىتىۋېتىش دېگەن نېمە؟ ....................................................88
90. پۇقرا، قانۇني ئىگە، باشقا تەشكىلات دېگەن نېمە؟ ............89
91. ئۆي يىغىۋېلىشتا دەلىل - ئىسپاتنى ئامان ساقلاش دېگەن نېمە؟ ....................................................89
92. دەلىل - ئىسپاتنى ئامان ساقلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قايسى؟ ....................................................90
93. يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى دېگەن نېمە؟ ئۇ قايسى مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپىدۇ؟ .........92
94. يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىنى قانداق ئەھۋالدا ئۆزگەرتىشكە ۋە بىكار

قىلىشقا بولىدۇ؟..........94
95. مۇلۇك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى بېجىرمىگەن چېقىلىدىغان
ئۆينىڭ قانۇنلۇقلۇقى قانداق بېكىتىلىدۇ؟..........95
96. ئۆي ئالغۇچى تەرەپتە قائىدىگە خىلاپ ھەرىكەتلەر كۆرۈلسە
قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟..........96
97. ئۆي چېقىش ـ كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش تارمىقىدا قائىدىگە
خىلاپ ھەرىكەتلەر كۆرۈلسە قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟...97
98. يىغىۋېلىشنىڭ نەچچە خىل ئۇسۇلى بار؟..........98
99. يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىنى
ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەكمۇ؟..........98
100. يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىلىدىغان ئوبيېكتلار كىملەرنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟..........99
101. تورالغۇ بولمىغان ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ
چىققان زىيانغا تۆلەم بېرىلەمدۇ؟..........100
102. ئۆينى يىغىۋالغۇچى تەرەپ يىغىپ ئېلىنغۇچىنىڭ
ئۆينى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېقىپ بولغاندىن
كېيىن ئۆي چېقىش ھەققى تەلەپ قىلسا بولامدۇ؟..........101
103. يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ ئىشلىتىلىشى مۈلۈك
ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىدىكى بىلەن ئوخشاش بولمىسا،
يىغىۋېلىش تۆلىمى قانداق بېكىتىلىدۇ؟..........101
104. ئۆي ئالغۇچى كېلىشىمدە ۋەدە قىلغان ئۆينى بەرمىسە
قانداق قىلىش كېرەك؟..........102
105. يىغىۋېلىشتا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆينىڭ سۈپىتى
قانداق ئۆلچەمگە يېتىشى كېرەك؟..........103
106. تەستىقلاتماي سالغان ئۆينىڭ يىغىۋېلىش ئىشى قانداق
بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟..........103
107. پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە تىجارەت ئىشلىرىغا يەر ئېلىش

دېگەن نېمە؟ بۇ ھەقتە قانۇندا قانداق بەلگىلىمىلەر بار؟...104
108. يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ ئىگىسى بىلەن ئىجارە ئالغۇچى ئىجارە مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىش جەھەتتە كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟......105
109. سېتىۋېلىنغان ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيى، ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆيلەر ياكى يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ھەقسىز ئىگە بولغان تۇرالغۇ ئۆيلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈشتە تۆلەم بېرىش قايسى ئۆلچەم بويىچە بولىدۇ؟......106
110. ئۆي ئىجارىگە بەرگۈچى ئىجارىگە بېرىپ بولغان ئۆينى خالىغانچە ئۈچىنچى بىر كىشىگە ئىجارىگە بېرىۋەتكەندە قانداق قىلىش كېرەك؟......107
111. ئىجارە مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولغان ئۆيلەرنىڭ يىغىۋېلىش كېلىشىمى قانداق تۈزۈلىدۇ؟......107
112. ئىجارە توختامى تۈزۈشمىگەن، ئىجارە ھەققىنىمۇ تاپشۇرمىغان ئولتۇرغۇچى تۆلەمگە ئېرىشەلەمدۇ؟......108
113. يىغىۋېلىش دائىرىسى ئىچىدىكى ئۆينى ئىجارە ئالغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى قانداق قوغدىلىدۇ؟......108
114. يىغىۋېلىش جەريانىدا ئادۋوكاتنىڭ قانداق رولى بار؟......109
قوشۇمچە (1): دۆلەت يېزىدىكى ئۆيلەرنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا تولۇقلىما بېرىش نىزامى......111
قوشۇمچە (2): «دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرگە سېلىنغان ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش نىزامى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر......125
قوشۇمچە (3): دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرگە سېلىنغان ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش سىياسىتىنىڭ

يەشىمىسى.........................................................149
قوشۇمچە (4): گوۋۇيۈەن ئىشخانىسى يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش، چېقىش - كۆچۈرۈش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى..........................160
قوشۇمچە (5): ئۆي باھاسى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ۋە تاۋار ئۆي باھاسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئاشكارىلىنىدۇ...163
قوشۇمچە (6) ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆي تىزىملاش دېلولىرىنى قاراپ چىقىشقا ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى...............166
قوشۇمچە (7): ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دۆلەت يېرىدىكى ئۆيلەردىن ئېلىنغانلىرىغا تولۇقلىما بېرىش قارارىنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىش، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلىنغان دېلولارنى ئىلتىماس قىلىنغان دېلولارنى بېجىرىشكە ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى......172
قوشۇمچە (8): پايدىلانغان ماتېرىياللار..................................178

# بىرىنچى، يەر ۋە ئۆيگە دائىر بىلىملەر

**1. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىدا يەر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

يەرنىڭ ئىگىدارلىق خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزدە يەرنى دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى يەر ۋە كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەر دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى يەر دۆلەت بىر تۇتاش ئىگىدارلىق قىلىدىغان يەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر سوبيېكتى دۆلەت. دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى بويىچە ئېيتقاندا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى، يەنى گوۋۇيۈەن دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى يەر ھوقۇقىنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى، گوۋۇيۈەن ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى تارماقلار، ئاساسلىقى يەر باشقۇرۇش تارمىقى دۆلەت يېرىنى ئىگىلەش، ئىشلىتىش، مەنپەئەت ئېلىشنى قارار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەر دۆلەت يېرىدىن باشقا، مەلۇم دائىرىدىكى كوللېكتىپ تەشكىلاتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئورتاق ھالدا كوللېكتىپنىڭ يېرىدىن بىۋاسىتە بەھرىمەن بولىدىغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەرنى ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ، يېزا ئىگىلىك يېرى، قۇرۇلۇش يېرى ۋە پايدىلانمىغان يەر دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك يېرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بىۋاسىتە ئىشلىتىلىدىغان يەرنى؛ قۇرۇلۇش يېرى بىنا، قۇرۇلمىلارنى سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى؛ جۈملىدىن شەھەر - يېزىلاردىكى تۇرالغۇ يەر ۋە جامائەت ئەسلىھەلىرى يېرى، زاۋۇت - كان يېرى

قاتارلىقلارنى، پايدىلانمىغان يەر بولسا، چۆل- قاقاسلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نىڭ 10 - ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ 2 - ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 2. قانۇن بويىچە قۇرۇلۇش يەرلىرىنى ئېلىش دېگەن نېمە؟ ئىشلىتىش ھوقۇقى دېگەنچۇ؟

قانۇن بويىچە قۇرۇلۇش يەرلىرىنى ئېلىش دېگىنىمىز، تەبىئىي شەخسلەر، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك تەستىق تەرتىپلىرىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئىمارەت، قۇرۇلما ۋە قوشۇمچە ئەسلىھەلەرنى سېلىش قاتارلىق ئېھتىياج ئۈچۈن، دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى يەردىن بەھرىمەن بولۇش، ئىگىلەش، ئىشلىتىش ۋە پايدا ئېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش قانۇنىي ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى مۇنداق بىر نەچچە نوقتىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇ: بىرىنچى، قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى يەردە مەۋجۇت بولۇپ، يەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. دۆلىتىمىزدە شەھەر رايونىدىكى يەر دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، يېزىلاردىكى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى يەرلەردىن دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەنلىرىدىن باشقىلىرى كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ. ئىككىنچى، قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى ئىمارەت، قۇرۇلما ۋە قوشۇمچە ئەسلىھەلەرنى سېلىشنى مەقسەت قىلغان ھوقۇقتۇر. ئۈچىنچى، قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغۇچى ئىمارەت، قۇرۇلما، قوشۇمچە ئەسلىھەلەرگە ئىگىدارلىق قىلغۇچى ياكى باشقۇرغۇچىدۇر.

قۇرۇلۇش يېرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى دېگىنىمىز، ھوقۇققا ئېرىشكۈچى دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى يەرنى قانۇن بويىچە

ئىگىلەش، ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭدىن قانۇن بويىچە مەنپەئەتلىنىشكە، شۇنداقلا شۇ يەرگە ئىمارەت، قۇرۇلما ۋە قوشۇمچە ئەسلىھەلەرنى سېلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىگە ئېيتىلىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى»(1986 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) نىڭ 5 ـ ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) نىڭ 135 ـ ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى» (2004 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) نىڭ 2 ـ ماددىسى، گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىندىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 2 ـ ماددىسى. (قىسقارتىلدى)

## 3. قۇرۇلۇش يېرىنى ئېلىشنى قايسى ئورۇن تەستىقلايدۇ؟

يەرنى قەدىرلەش، يەرنى ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىش ۋە يەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئۈچۈن، دۆلەت قانۇن چىقىرىش يولى بىلەن ئەسلىدىكى شەھەر، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يەر ئېلىشنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، گوۋۇيۈەن ۋە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر) دىن ئىبارەت ئىككى دەرىجە بويىچە تەستىقلاشنى يولغا قويىدى. تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسىنى تۆۋەندىكىچە ئايرىدى:

(1) تۆۋەندىكى يەرلەرنى گوۋۇيۈەن تەستىقلايدۇ: بىرىنچى، ئاساسىي ئېتىزلار، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن تېرىلغۇغا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسىي ئېتىزلارنى قوغداش ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، ئاساسىي ئېتىزنى ئېلىشتا قاتتىق تەستىقلاش رەسمىيىتى بەلگىلەنگەن. شۇڭا 500 مودىن ئارتۇق ئاساسىي ئېتىز. ئىككىنچى، 35 گېكتاردىن ئارتۇق ئاساسىي ئېتىز بولمىغان تېرىلغۇ يەر. ئۈچىنچى، 70 گېكتاردىن ئارتۇق باشقا يەرلەر.

(2) تۆۋەندىكى يەرلەرنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ ۋە

گوۋيوەنگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ: بىرىنچى، 35 گېكتاردىن ئاز بولغان، ئاساسىي ئېتىز بولمىغان تېرىلغۇ يەر. ئىككىنچى، ئاساسىي ئېتىز بولمىغان تېرىلغۇ يەر بىلەن باشقا يەرنى قوشقاندا كۆلىمى 70 گېكتاردىن ئاز بولغان يەرلەر.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى» (2004 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) نىڭ 45 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**4. قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش هوقۇقى دېگەن نېمە؟**

قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش هوقۇقى دېگىنىمىز، قانۇنىي ئىگىلەر، تەبىئىي شەخسلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى يەردە ئىمارەت، قۇرۇلما ۋە قوشۇمچە ئەسلىهەلەرنى سېلىش مەقسىتىدە بەھرىمەن بولۇش، ئىگىلەش، ئىشلىتىش ۋە پايدا ئېلىش هوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش هوقۇقىنىڭ مەنىسىنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ:

(1) قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش هوقۇقى دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان هوقۇق بولۇپ، يەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىزدە شەھەر رايونىدىكى يەر دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ، يېزىلاردىكى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى يەرلەردىن دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەنلىرىدىن باشقىلىرى كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش هوقۇقى دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى يەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

(2) قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش هوقۇقى ئىمارەت، قۇرۇلما ۋە قوشۇمچە ئەسلىهەلەرنى سېلىشنى مەقسەت قىلغان هوقۇقتىن ئىبارەت. ئىمارەت، قۇرۇلما دېگىنىمىز، يەر ئۈستىگە سېلىنغان ئۆينى كۆرسىتىدۇ، قوشۇمچە ئەسلىهە دېگىنىمىز بولسا، يەردىكى ئىمارەتتىن باشقا ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كۆۋرۈك، كۆل، دامبا،

تونېل، گەمە، خاتىرە مۇنارى قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى كۆرسىتىدۇ.

(3) قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغۇچى بولسا ئىمارەت، قۇرۇلما ۋە قوشۇمچە ئەسلىھەلەرگە ئىگىدارلىق قىلغۇچى ياكى باشقۇرغۇچى كۆرسىتىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى» (2004 - يىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى) نىڭ 2 - ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 - يىلى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) نىڭ 135 - ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئۇمۇمىي قائىدىسى» ( 1986 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى) 5 - ماددا. (قىسقارتىلدى)

## 5. قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ مۇددىتى قانچىلىك بولىدۇ؟

قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئادەتتە ئايرىپ بېرىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئايرىپ بېرىش ئۇسۇلى بولسا يەر ئىشلەتكۈچى ئىلتىماس قىلىدىغان ۋە تۆلەم، ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققى قاتارلىقلارنى تاپشۇرىدىغان، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەخسۇس تارمىقى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ھوقۇقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئادەتتە مەمۇرىي ئايرىپ بېرىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ دائىرىسى توغرىسىدا دۆلەتنىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي چەكلىمىسى بار. ئۆتۈنۈپ بېرىش ئۇسۇلى بولسا، دۆلەت دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مەلۇم مۆھلەت ئىچىدە ئىلتىماس قىلغۇچى ياكى يەر ئىشلەتكۈچىگە ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئىلتىماس قىلغۇچى ياكى يەر ئىشلەتكۈچى دۆلەتكە ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىك پۇلى تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ھوقۇقنى كۆرسىتىدۇ.

ئايرىپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھوقۇققا ئېرىشكەن يەرنىڭ ئىشلىتىش مۇددىتىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىتا قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە يوق، ئەمما ئۆتۈنۈپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېرىشكەن

يەرنىڭ ئىشلىتىش مۇددىتى ئىشلىتىش خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ بەلگىلەنگەن، مەسىلەن، تۇرالغۇ ئۆيلەرگە يەر ئىشلىتىش مۇددىتى 70 يىل، سەھىيە، تەنتەربىيە ئورۇنلىرىغا 50 يىل، سودا، ساياھەت، كۆڭۈل ئېچىش كەسىپلىرىگە 40 يىل، باشقا ئۇنىۋېرسال تۇرلەرگە 50 يىل بولىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى» (2004 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) نىڭ 54 ـ ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) نىڭ 137 ـ ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر، بازاردىكى دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىپ بېرىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋاقىتلىق نىزامى» (1990 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) 2 ـ ماددا. (قىسقارتىلدى)

## 6. قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى قانداق ئايرىپ بېرىلىدۇ ۋە قانداق سېتىپ بېرىلىدۇ؟

قۇرۇلۇش يەرلىرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى بېكىتىش قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئايرىپ بېرىش ۋە قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىپ بېرىش دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئايرىپ بېرىش دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مەمۇرىي تارمىقى مەمۇرىي تەستىقلاش ئارقىلىق، دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلەتكۈچىنىڭ ئىشلىتىشىگە ھەقسىز ئايرىپ بېرىش، يەر ئىشلەتكۈچى پەقەت مەلۇم تەرتىپلەر بويىچە يەر باشقۇرۇشقا مەسئۇل تارماققا ئىلتىماس سۇنۇپ، تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، تەستىقلاش ئارقىلىق يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دۆلەت يېرىنى ھەقسىز ئىشلىتىشنىڭ تىپىك بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ھوقۇققا ئېرىشىشتە قاتتىق شەرتلەر بار.

بىرىنچىدىن، دۆلەت ئورگانلىرى يەر ئىشلىتىش ۋە ھەربىي ئىشلارغا يەر ئىشلىتىش.

ئىككىنچى، شەھەر ئۆل ئەسلىھەلىرىگە يەر ئىشلىتىش ۋە جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا يەر ئىشلىتىش.

ئۈچىنچى، دۆلەت نوقتىلىق يۆلەيدىغان ئېنېرگىيە، قاتناش، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىق ئۆل ئەسلىھەلەرگە يەر ئىشلىتىش.

تۆتىنچى، قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا يەر ئىشلىتىش. بۇ خىل ھەقسىز يەر ئىشلىتىشتە، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئايرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ھوقۇقلۇق تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئارقىلىق ھەقسىز ئىشلىتىدىغان يەرنى ئايرىپ بېرىدۇ.

قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىپ بېرىش دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ يەرنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى سالاھىيىتى بىلەن، يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مەلۇم مۆھلەت ئىچىدە، يەر ئىشلەتكۈچىگە سېتىپ بېرىشىنى، يەنى دۆلەتنىڭ يېرىنى سانائەت، سودا، ساياھەتچىلىك، كۆڭۈل ئېچىش، تۇرالغۇ سودىسى قاتارلىق تىجارەتلىك خاراكتېرىدە ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلغاندا ھەق تۆلەش ئارقىلىق ئېرىشىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەت يېرىنى تىجارەت خاراكتېرلىك سېتىۋېلىشنىڭ ئۇسۇللىرى:

بىرىنچى، خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش.

ئىككىنچى، كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش ـ سېتىۋېلىش.

ئۈچىنچى، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار يەر باشقۇرۇش تارمىقى بىلەن سېتىۋالغۇچى كېلىشىش.

تۆتىنچى، ۋېۋىسكا ئېسىش، يەنى ساتقۇچى سېتىلىدىغان يەرنى ۋېۋىسكا ئېسىپ ئېلان قىلىش ئارقىلىق پۈتۈشۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» (2004 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى) نىڭ 10 ـ ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ

يەر باشقۇرۇش قانۇنى» (2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) نىڭ 2 ـ، 54 ـ، 55 ـ ماددىلىرى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) نىڭ 137 ـ، 138 ـ ماددىلىرى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر، بازاردىكى دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىپ بېرىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋاقىتلىق نىزامى» (1990 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) نىڭ 8 ـ، 43 ـ ماددىلىرى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى كېلىشىپ ھەقلىق بېرىش بەلگىلىمىسى» (2003 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى) نىڭ 3 ـ ماددىسى. (قىسقارتىلدى)

**7. قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىشتە يەر يۈزى، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى دەپ ئايرىشقا بولامدۇ؟**

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى يەر يۈزى ھوقۇقى، يەر ئۈستى ھوقۇقى ۋە يەر ئاستى ھوقۇقى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ، لېكىن قانۇندا يەر ئۈستى ھوقۇقى، يەر ئاستى ھوقۇقىنىڭ ئېنىق ئۆلچىمىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە يوق، ئەمما يېڭىدىن بېكىتىلگەن قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى ئىلگىرى بېكىتىلىپ بولغان پايدىلانما نەرسە ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) نىڭ 136 ـ ماددىسى. (مەزمۇنى قىسقارتىلدى)

**8. قۇرۇلۇش يەرلىرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ شەكلى ۋە تەرتىپى قانداق بولىدۇ؟**

قۇرۇلۇش يەرلىرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش دېگىنىمىز، دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلەتكۈچىنىڭ سودىلىشىش، ھەدىيە قىلىش، ئالماشتۇرۇش، ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق قانۇنلۇق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆتۈنۈپ بېرىش تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك: بىرسى، يەرنى ئىشلەتكۈچى سېتىپ بېرىش توختامىدىكى پۈتۈمگە ئاساسەن يەر-

نىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىپ بېرىش پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بولغان ھەمدە يەر ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى ئالغان بولۇش كېرەك. ئىككىنچىسى، يەرنى ئىشلەتكۈچى سېتىپ بېرىش توختامىدا كېلىشكەن مەزمۇن بويىچە ئىشلەتكەن بولۇشى كېرەك.

يەرنىڭ ئىشلىتىلىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنىڭ شەكلى سېتىش، ئالماشتۇرۇش ۋە ھەدىيە قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش دېگىنىمىز، ئۆتۈنۈپ بەرگۈچى مەلۇم پۇلغا ئېرىشىش مەقسىتىدە يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنمىنى قوبۇل قىلغۇچىغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان، ئۆتۈنمىنى قوبۇل قىلغۇچى پۇلنى تۆلەپ يەرنىڭ ئىشلىتىلىش ھوقۇقىنى سېتىۋېلىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش دېگىنىمىز، ئىككىدىن ئارتۇق يەر ئىگىسىنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ھەدىيە قىلىش دېگىنىمىز، يەر ئىگىسىنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى باشقىلارغا ھەقسىز ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭ تەرتىپلىرى بولسا مۇنداق بىرنەچچە باسقۇچلار بويىچە بولىدۇ:

(1) ئىلتىماس قىلىش، بۇ دېگىنىمىز، ئەسلىدىكى قوبۇل قىلغۇچى ياكى قايتا قوبۇل قىلغۇچى ئۆتۈنۈپ بەرگۈچى يەر ئىگىسىگە يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەستىقلاش ئىلتىماسى سۇنۇدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(2) تەستىقلاش، بۇ دېگىنىمىز، ئەسلىدىكى ئۆتۈنمە يەرنى قوبۇل قىلغۇچى ياكى قايتا قوبۇل قىلغۇچى يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆتۈنۈپ بەرگۈچىگە تەستىقلىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

(3) توختام تۈزۈش، بۇ دېگىنىمىز، ئەسلىدىكى ئۆتۈنمىنى

قوبۇل قىلغۇچى ياكى قايتا قوبۇل قىلغۇچى خېرىدار چاقىرىش، كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش ياكى كېلىشىم ئارقىلىق يېڭىدىن ئۆتۈنمىنى قوبۇل قىلغۇچى بېكىتىلگەندىن كېيىن، يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى تۈزۈش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

(4) ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە دەلىللەش، بۇ دېگىنىمىز، يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامىنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورگىنىنىڭ قانۇن بويىچە گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، توختامنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى دەلىللەپ ئىسپاتلاش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

(5) تىزىملاپ نامىنى يۆتكەش. بۇ كۆچمەس مۈلۈكنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنىڭ زۆرۈر بىر شەرتى، يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقى كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، بۇ ھوقۇقتا ئېرىشكەندىن كېيىن، قانۇنلۇق مەنپەئەتنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، تىزىمغا ئالغۇچى تارماقتا تىزىملىتىپ، نوپۇسنى يۆتكەشنى كۆرسىتىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) نىڭ 143 ـ، 144 ـ، 145 ـ، 146 ـ ماددىلىرى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر ئۆي ـ زېمىنىنى باشقۇرۇش قانۇنى» (1990 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) 41 ـ، 42 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

## 9. قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇشقا بولامدۇ؟

يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇش دېگىنىمىز، يەر ئىشلەتكۈچىنىڭ رەنىگە قويغىلى بولىدىغان يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قەرز تۆلەشنىڭ كاپالىتى قىلىپ، رەنە ئالغۇچىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇشتا مۇنۇ شەرتلەر ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك.

(1) يەرنىڭ ئىشلىتىش هوقۇقىنى رەنىگە قويغۇچى چوقۇم يەر ئىگىسى ياكى يەرنى ئىشلىتىش هوقۇقى بولغان كىشى بولۇشى كېرەك. سېتىپ بېرىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئېرىشكەن يەرنىڭ ئىشلىتىش هوقۇقىنى رەنىگە قويۇشقا بولىدۇ، مەمۇرىي ئايرىپ بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلىتىش هوقۇقىغا ئېرىشكەن يەرلەردىن قانۇندا يول قويۇلغانلىرىدىن باشقىلىرىنى رەنىگە قويۇشقا بولمايدۇ.

(2) رەنىگە قويۇشتا، رەنىگە قويغۇچى بىلەن رەنە ئالغۇچى ئالاقىدار تىزىملىتىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشى ۋە رەنە توختامى تۈزۈشى كېرەك.

(3) يەر ئىشلىتىش هوقۇقىنى رەنە قويۇشتا، رەنە قويغۇچى شۇ يەردىكى ئىمارەتنى سۈغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى كېرەك.

(4) يەرنىڭ ئىشلىتىش هوقۇقىنى رەنىگە قويۇشتا، شۇ جايدىكى خەلق هۆكۈمىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش تارمىقىغا تىزىملىتىشى، يەردىكى ئىمارەتنى قوشۇپ رەنىگە قويۇشتا، يەنە شۇ جايدىكى خەلق هۆكۈمىتىنىڭ ئۆي باشقۇرۇش تارمىقىغا تىزىملىتىشى شەرت.

قانۇن ئاساسى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە هوقۇقى قانۇنى» (2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) نىڭ 143 ـ ، 144 ـ ماددىلىرى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر ئۆي ـ زېمىنىنى باشقۇرۇش قانۇنى» (1990 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) 47 ـ ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر، بازاردىكى دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرنى ئىشلىتىش هوقۇقىنى سېتىپ بېرىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋاقىتلىق نىزامى» (1990 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى نىڭ 45 ـ ماددىسى، (قىسقارتىلدى)

**10. ئىشلىتىش مۆھلىتى توشقان يەرلەر قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟**

ئايرىپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېرىشكەن يەرلەرنىڭ ئىشلىتىش هوقۇقىنىڭ مۆھلىتىگە قارىتا قانۇندا ئېنىق

بەلگىلىمە بولمىغاچقا، بىز سېتىپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېرىشكەن يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ مۆھلىتى توشقاندىن كېيىن قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىمىز. ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ مۇددىتى توشقاندىن كېيىن مۇقەررەر ھالدا يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. ئەمما بۇنداق قىلغاندا، ئۇزۇن يىل پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان ئۆي، تىجارەت، سودا دوكانلىرى قاتارلىقلار ھەقسىز دۆلەتنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈشتەك پاسسىپ ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، شۇڭا قانۇندا تۇرالغۇ قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ مۇددىتى توشقاندا، مۇددەت ئۆزلۈكىدىن ئۇزىرىدىغانلىقى، تۇرالغۇ قۇرۇلۇش يېرىدىن باشقا يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ مۇددىتى توشقاندىن كېيىنكى مۇددەتنىڭ ئۇزىرىشى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدىغانلىقى، مەزكۇر يەردىكى ئۆي ۋە باشقا كۆچمەس مۈلۈكنىڭ تەۋەلىكى توختامدىكى پۈتۈم بويىچە بولىدىغانلىقى، ئەگەر توختامدا بۇ مەسىلە پۈتۈشۈلمىگەن ياكى ئېنىق پۈتۈشۈلمىگەن بولسا، قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

قانۇن ئاساسى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) نىڭ 149 ـ ماددا (قىسقارتىلدى)

**11. يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئەھۋالدا ئەمەلدىن قالىدۇ؟**

يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى دېگىنىمىز، كۆچمەس مۈلۈكتىكى ھوقۇقدار، جۈملىدىن كۆچمەس مۈلۈككە ئىگىدارلىق قىلغۇچى، كۆچمەس مۈلۈكنى ئىجارە ئالغۇچى ئۆزىنىڭ كۆچمەس مۈلكىنى ئىشلىتىشكە قولايلىق يارىتىش ياكى ئۇنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈشۈش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ كۆچمەس مۈلكىدىن پايدىلىنىدىغان چەكلىك نەرسە ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. باشقىلارنىڭ كۆچمەس مۈلكى پايدىلىنىدىغان يەر، ئۆزىنىڭ

كۆچمەس مۈلكى بولسا ئېھتىياج چۈشكەن يەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم ئەشيا شىركىتى مەلۇم ياغ زاۋۇتى بىلەن قوشنا بولۇپ، ئەشيا شىركىتى يول بويىغا جايلاشقان، ياغ زاۋۇتى ئەشيا شىركىتىنىڭ كەينىدىكى تار كوچىغا جايلاشقان بولۇپ، ياغ زاۋۇتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ يولى قولايسىز بولغانلىقتىن، ئەشيا شىركىتىنىڭ تېمىدىن بىر ئىشىك ئېچىپ ماڭسا كۆپ قولايلىققا ئېرىشىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ياغ زاۋۇتى ھەر ئايدا ھەق تاپشۇرۇش ئاساسىدا ئەشيا شىركىتىگە يول ئېچىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان ۋە بۇ ئىككى تەرەپ توختام تۈزگەن. بۇ يەردە ئەشيا شىركىتىنىڭ يېرى پايدىلىنىدىغان يەر، ياغ زاۋۇتىنىڭ يېرى ئېھتىياج چۈشكەن يەر ھېسابلىنىدۇ.

يەردىن پايدىلىنىۋالغۇچىلاردا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، پايدىلىنىۋالىدىغان يەر ھوقۇقدارىنىڭ يەردىن پايدىلىنىۋېلىش ھوقۇقى توختامىنى بىكار قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، يەردىن پايدىلىنىۋېلىش ھوقۇقى يوقىلىدۇ:

(1) قانۇندىكى بەلگىلىمە ياكى توختامدىكى پۈتۈمگە خىلاپلىق قىلىپ، يەردىن پايدىلىنىۋېلىش ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلانسا؛

(2) پايدىلىنىۋالىدىغان يەردىن ھەقلىق پايدىلىنىشتا، پۈتۈشكەن ھەق تۆلەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىنكى مۇۋاپىق مۇددەتتە ئىككى قېتىم سۈيلىسىمۇ ھەق تۆلىمىگەن بولسا.

قانۇن ئاساسى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 - يىلى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) نىڭ 156 -، 158 -، 159 -، 160 -، 161 -، 168 - ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

## 12. ئۆيلۈك يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

بۇ دېگىنىمىز، يېزىلاردىكى دېھقان ئەزالىرىنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەرنى

ئىگىلەش، ئىشلىتىش ھوقۇقى، بۇ يەردىكى ئىمارەت ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنى ئىگىلەش ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆيلۇك يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى مۇئەييەن پاراۋانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۆيلۇك يەرگە ئېرىشىشتە ئىلتىماس قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئىبارەت تەرتىپتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، يېزا ئاھالىسى بولغان بولۇش، ئىككىنچىدىن، بىرلا ئائىلىنىڭ نامىدا ئىلتىماس قىلىنغان بولۇش، ئۈچىنچىدىن، ئالاقىدار ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن كۆلەمدىن ئېشىپ كەتمىگەن بولۇش، تۆتىنچىدىن، تەكرار يەر ئىلتىماس قىلىشقا بولمايدۇ، بەشىنچىدىن، تەستىقلىغاندا ئىمكانقەدەر بوش يەرلەردىن كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) نىڭ 11 ـ، 153 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

## 13. ئۆيلۇك يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى قانداق يوقىلىدۇ؟

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆيلۇك يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا يوقىلىدۇ:

(1) دۆلەت جامائەت مەنپەئەتى ئېھتىياجى بىلەن ئۆيلۇك يەرنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە، ئۆيلۇك يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى ئېلىۋېلىنغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى ئۆيلۇك يەرنىڭ ئىگىسى يەر باشقۇرۇش تارمىقىغا يېڭىدىن ئۆيلۇك يەرگە ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

(2) ئۆيلۇك يەرنى قايتۇرۇۋالغاندا. يېزا، كەنت جامائەت پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن يەر ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى يەر ئىشلىتىشنى تەستىقلىغان ئەسلىدىكى ھۆكۈمەت تارمىقىغا تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئۆيلۇك يەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇق. لېكىن ئۆيلۇك يەر ئىگىسىنىڭ مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇچرىغان

زىيىنىغا تۆلەم بېرىش ھەمدە ئۆيلۈك يېرى بولمىغان كەنت ئاھالىسىگە يېڭىباشتىن ئۆيلۈك يەر بېرىش كېرەك.

(3) ئۆيلۈك يەر ئىگىسىنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشكە يول قويۇلىدۇ، لېكىن شۇ ئارقىلىق باشقىدىن تېخىمۇ پايدىلىق بولغان ئۆيلۈك يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە يېڭىباشتىن ئۆيلۈك يەرگە ئىلتىماس قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

(4) ئۆيلۈك يەرنىڭ يوقىلىشى، بۇ دېگىنىمىز، ئۆيلۈك يەر تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەت قاتارلىق سەۋەبلەردىن يوقالسا، شۇ ئۆيلۈك يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىمۇ تەبىئىي ھالدا يوقىلىدۇ، ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەسلىدىكى ئۆيلۈك يەر ئىگىسى ئۆيلۈك يەرگە باشقىدىن ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) نىڭ 42 ـ، 153 ـ، 154 ـ ماددىلىرى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى» (2004 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) نىڭ 62 ـ، 65 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

## 14. ئۆي ئىگىدارلىق ھوقۇقى دېگەن نېمە؟ ئۇ قايسى ھوقۇقلارنى كۆرسىتىدۇ؟

ئۆي ئىگىدارلىق ھوقۇقى دېگىنىمىز، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆز ئۆيىنى ئىگىلەش، ئىشلىتىش، مەنپەئەتلىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش، شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ قانۇنسىز ئارىلىشىش ۋە زىيان سېلىشىنى چەكلەش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆي ئىگىدارلىق ھوقۇقى تىپىك بولغان كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقى بولۇپ، پۇقرالارنىڭ نەرسە ھوقۇقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

(1) ئىگىلەش ھوقۇقى دېگىنىمىز، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆز ئۆيىنى ئەمەلىي تىزگىنلەش، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

(2) ئىشلىتىش ھوقۇقى دېگىنىمىز، ئۆي ئىگىدارىنىڭ ئۆيىنى

قانۇن بويىچە ئىگىلەش، ئىشلىتىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

(3) مەنپەئەتلىنىش ھوقۇقى دېگىنىمىز، ئۆيدىن كىرىم بولغان ياكى ئۆي ياراتقان يېڭىدىن قوشۇلغان ئىقتىسادىي قىممەت ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۆينى ئىجارىگە بېرىش، تىجارەت قىلىپ پايدا كەلتۈرۈش قاتارلىقلار.

(4) بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى دېگىنىمىز، ئۆي ئىگىدارىنىڭ قانۇن يول قويغان دائىرىدە ئۆزىنىڭ ئۆيىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۆزگەرتىش، چېقىۋېتىش، ھەدىيە قىلىش، سېتىش، ئىجارىگە بېرىش قاتارلىقلار.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) نىڭ 39 ـ، 64 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

**15. ئۆي بىلەن يەر بىر گەۋدە بولۇش دېگەن نېمە؟**

بۇ دېگىنىمىز، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى بىلەن شۇ يەر ئۈستىدىكى ئۆي قاتارلىق ئىمارەت ۋە قوشۇمچە نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ تەۋەلىكى ئوخشاش بىر سۇبيېكتتا بولۇش، ئۆي ـ مۈلۈكنى ئۆتۈنۈپ بەرگەندە ياكى رەنىگە قويغاندا ئۆي ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى بىر يولىلا سېتىپ بېرىش، رەنىگە قويۇش شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قانۇن ئاساسى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) نىڭ 146 ـ، 147 ـ ماددىلىرى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر ئۆي زېمىنىنى باشقۇرۇش قانۇنى» (2007 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى) نىڭ 31 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**16. ئالدىن سېتىش ئىجازەتنامىسى بېجىرىلمىگەن تاۋار ئۆينى ئالدىن سېتىش توختامى كۈچكە ئىگە بولامدۇ؟**

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، تاۋار ئۆينى ئالدىن

سىستىمىدا تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك:

(1) يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ھەقلىق بېرىش ھەققىنى تولۇق تاپشۇرغان ۋە يەر ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى ئالغان بولۇش.

(2) قۇرۇلۇش پىلانلاش ئىجازەتنامىسى ئالغان بولۇش.

(3) ئالدىن سېتىپ بېرىلىدىغان تاۋار ئۆي بويىچە ھېسابلىغاندا، سېلىنغان مەبلەغ ئومۇمىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ 25% تىن كەم بولمىغان ھەمدە قۇرۇلۇش سۈرئىتى ۋە پۈتكۈزۈپ تاپشۇرۇش ۋاقتى بەلگىلەنگەن بولۇش.

(4) ئالدىن سېتىشنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆي باشقۇرۇش تارمىقىغا تىزىملىتىش ۋە سېتىش ئىجازەتنامىسى ئالغان بولۇش. يۇقىرىقى شەرتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئالدىن سېتىش ئىجازەتنامىسى بېجىرىلمىگەن ئەھۋالدا تۈزۈلگەن تاۋار ئۆينى ئالدىن سېتىش توختامى قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولمايدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر ئۆي زېمىنىنى باشقۇرۇش قانۇنى» (2007 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى) نىڭ 45 ـ ماددىسى، «شەھەرلەردە تاۋار ئۆينى ئالدىن سېتىشنى باشقۇرۇش چارىسى» (2004 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى) نىڭ 6 ـ ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى» (1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) نىڭ 44 ـ، 45 ـ، 77 ـ، 87 ـ، 96 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

**17. تەرەققىيات سودىگىرى ئالدىن سېتىلغان تاۋار ئۆينىڭ لايىھەسىنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتمەكچى بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئالدىن سېتىلغان تاۋار ئۆينى ئالدىن سېتىش توختامى تۈزۈلگەندىن كېيىن، تەرەققىيات سودىگىرىنىڭ توختامدىكى مەزمۇنلارنى ۋە تاۋار ئۆينىڭ توختامدىكى لايىھەسىنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ، لېكىن، پىلانلاش، لايىھەلەش تارماقلىرى لايىھەنى ئۆزگەرتىشكە

قوشۇلغان بولسا قانۇندا رۇخسەت قىلىنىدۇ، لېكىن بۇ لايىھەنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تاۋار ئۆينىڭ قۇرۇلما تىپى، بوشلۇق يۆنىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىرىش بولسا ھەمدە توختامدىكى سۈپەت ئۆلچىمى ياكى ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان باشقا ئەھۋاللار كۆرۈلسە تەرەققىيات كارخانىسى ئۆزگەرتىش بېكىتىلگەن كۈندىن باشلاپ 10 كۈن ئاۋۋال ئۆي سېتىۋالغۇچىغا يازمىچە ئۇقتۇرۇش قىلىش كېرەك. ئۆي سېتىۋالغۇچى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە ئۆينى قايتۇرۇش - قايتۇرماسلىق ھەققىدە يازما جاۋاب بېرىشكە ھوقۇقلۇق. 15 كۈنگىچە يازمىچە جاۋاب بەرمىسە پىلان، لايىھەنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئۆي باھاسىدىكى ئۆزگىرىشكە قوشۇلغان دەپ قارىلىدۇ. تەرەققىيات كارخانىسى بەلگىلەنگەن سورۇق ئىچىدە ئۆي سېتىۋالغۇچىغا يازمىچە ئۇقتۇرۇش قىلمىسا، ئۆي سېتىۋالغۇچى ئۆينى قايتۇرۇشقا ۋە كارخانا تەرەپتىن توختامغا خىلاپلىق قىلىش سوممىسى تۆلىتىۋېلىشقا ھوقۇقلۇق.

قانۇن ئاساسى: «تاۋار ئۆيلەرنى سېتىشنى باشقۇرۇش چارىسى» (2001 - يىلى 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى) نىڭ 24 - ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**18. ئالدىن سېتىۋېلىنغان تاۋار ئۆينىڭ تاپشۇرۇۋالغاندىكى كۆلىمى بىلەن توختامدا پۈتۈشكەن كۆلىمىدە پەرق بولسا قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟**

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، توختام تۈزۈشكۈچى بىر تەرەپ توختامدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىسا ياكى توختامدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى پۈتۈمگە ئۇيغۇن كەلمىسە، توختامدىكى مەجبۇرىيەتنى داۋاملىق ئادا قىلىشى، ئوڭشاش تەدبىرىنى قوللىنىشى ياكى زىياننى تۆلەش قاتارلىق توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. تاۋار ئۆي سېتىش - سېتىۋېلىش توختام ماجىرالىرىدا ئالدىن سېتىلغان

تاۋار ئۆي ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە بولغاچقا، نورمال، مۇۋاپىق بولغان دائىرىدىكى پەرقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يول قويۇلىدۇ ھەمدە ساتقۇچى تەرەپنى توختامغا خىلاپلىق قىلدى دەپ قاراشقا بولمايدۇ، ئەمما مۇۋاپىق كۆلەمدىكى پەرقتىن ئېشىپ كەتكەن بولسا توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدا توختامدا ئېنىق پۈتۈم بولغانلىرى پۈتۈم بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، پۈتۈم بولمىغانلىرى ياكى پۈتۈم ئېنىق بولمىغانلىرى ئەھۋالنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكى پىرىنسىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ:

(1) كۆلەمدىكى پەرق مۇتلەق قىممەتتىن 3% ئىچىدە (3% نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئېشىپ كەتسە توختامدا پۈتۈشكەن باھا بويىچە راسخوت قىلىنىدۇ، سېتىۋالغۇچى توختامنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلسا قوللاشقا ئېرىشەلمەيدۇ.

(2) كۆلەمدىكى پەرق مۇتلەق قىممەتتىن 3% تىن ئېشىپ كەتكەندە، سېتىۋالغۇچى توختامنى بىكارقىلىشنى، تۆلىگەن ئۆي پۇلى ۋە ئۆسۈمنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. سېتىۋالغۇچى توختامنى داۋاملىق ئادا قىلىشقا قوشۇلسا، ئۆينىڭ ئەمەلىي كۆلىمى توختامدا پۈتۈشكەن كۆلەمدىن چوڭ بولسا، كۆلەمدىكى پەرق 3% ئىچىدە (3% نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قىسمىنىڭ پۇلىنى سېتىۋالغۇچى پۈتۈشكەن باھا بويىچە تولۇقلايدۇ.

(3) كۆلەمدىكى پەرق 3% تىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىنىڭ پۇلىنى ساتقۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى سېتىۋالغۇچىدا بولىدۇ.

(4) ئۆينىڭ ئەمەلىي كۆلىمى پۈتۈمدىكى كۆلەمدىن كىچىك بولسا كۆلەمدىكى پەرق 3% ئىچىدىكى (3% نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قىسمىنىڭ پۇلى ۋە ئۆسۈمنى ساتقۇچى سېتىۋالغۇچىغا

قايتۇرىدۇ، پەرق 3% تىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىنىڭ پۇلىنى ساتقۇچى سېتىۋالغۇچىغا ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ، قانچە ھەسسىلەشنى تەرەپلەر توختامدا ئالدىن پۈتۈشكەن بولسا شۇ پۈتۈم بويىچە بولىدۇ، پۈتۈشمىگەن بولسا قانۇن ـ نىزاملاردىكى كونكرېت بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى» (1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) نىڭ 60 ـ، 107 ـ ماددىلىرى، «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تاۋار ئۆي سودىسى توختامىغا دائىر ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا قانۇننى تەدبىقلاشقا ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئىزاھاتى» (2003 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) نىڭ 14 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 19. تاۋار ئۆي ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن سۈپەتتە مەسىلە بارلىقى بايقالسا قانداق قىلىش كېرەك؟

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، تاۋار ئۆيدە سۈپەت مەسىلىسى كۆرۈلسە ئالدىن ئۆي سېتىۋالغۇچى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا توختامنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى بايقالغان سۈپەت مەسىلىسىنىڭ نورمال ئولتۇرۇپ ئىشلىتىشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ـ كۆرسەتمەيدىغانلىقىدا. بۇنىڭدا، ئۆينىڭ ئاساسىي قۇرۇلما سۈپىتى لاياقەتلىك بولمىسا ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغانلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھەقىقەتەن لاياقەتسىز ئىكەنلىكى بايقالسا سېتىۋالغۇچى توختامنى بىكار قىلىشنى ھەمدە زىياننى تۆلەشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئاساسىي قۇرۇلمىسىدا سۈپەت مەسىلىسى بولمىسىمۇ، لېكىن نورمال ئولتۇرۇپ ئىشلىتىشكە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدىغان بولسا سېتىۋالغۇچى ئوخشاشلا سېتىۋالغۇچى توختامنى بىكار قىلىشنى ھەمدە زىياننى تۆلەشنى تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ. سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش مۇددىتى ئىچىدە سۈپەت مەسىلىسى كۆرۈلسە

ساتقۇچى تەرەپ رېمونت قىلىپ بېرىشى كېرەك. رېمونت قىلىشنى رەت قىلسا ياكى رېمونتنى كېچىكتۈرسە، سېتىۋالغۇچى ئۆزى رېمونت قىلسا ياكى قىلدۇرسا بولىدۇ ھەمدە كېلىپ چىققان رېمونت ھەققى ۋە ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان زىياننى ساتقۇچى تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «شەھەر ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتى ۋە تىجارىتىنى باشقۇرۇش نىزامى» (1998 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى) نىڭ 31 ـ، 32 ـ ماددىلىرى، (2003 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) نىڭ 12 ـ، 13 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

## 20. تاۋار ئۆينىڭ رېمونتىغا كاپالەتلىك قىلىش مۇددىتى قانداق بولىدۇ؟

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، تاۋار ئۆينىڭ رېمونتىغا كاپالەتلىك قىلىش مۇددىتى تەرەققىيات سودىگىرى قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۆينى ئىشلىتىشكە تاپشۇرغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ بىنادا ئولتۇرغان پۈتۈن ئۆي سېتىۋالغۇچىلار ئۆي ئۈلى ۋە ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق ئىشلەتكەنلا بولسا، ساتقۇچى تەرەپ رېمونت قىلىش جاۋابكارلىقىنى مۇددەتسىز ئۈستىگە ئالىدۇ، نورمال ئىشلىتىلگەن ئەھۋال ئاستىدا ھەرقايسى قىسىم، بۆلەكلەرنى رېمونت قىلىش مەزمۇنى ۋە مۆھلىتى مۇنداق بولىدۇ: تام يۈزىنىڭ سۇدىن ساقلىنىش مۇددىتى ئۈچ يىل. تام يۈزى، ئاشخانا ۋە تازىلىق ئۆينىڭ يەر يۈزى، يەر ئاستى، تۇرۇبا يوللىرىنىڭ سۇ ئېقىش مۇددىتى بىر يىل. تام يۈزى، تام ئۈستىنىڭ چۈشۈپ كېتىش مۇددىتى بىر يىل. ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ يېرىلىش، بەش خىل مېتال ئەسۋابلىرى ۋە تازىلىق ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بىر يىل. تۇرۇبا يولى توسۇلۇپ قېلىشنىڭ ئىككى ئاي. يورۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى، ئېلېكتىرونلۇق ۋىكليۇچاتېلنىڭ ئالتە ئاي، ئىسسىقلىق بىلەن

تەمىنلەش ۋە سوۋۇتۇش سىستېمىسى ئۇسكۇنىلىرىنىڭ بىر مەۋسۇم. باشقا ئورۇن، قىسىملارنىڭ رېمونت مۇددىتىنى ئېھتىياجغا ئاساسەن ئىككى تەرەپ پۈتۈشۈپ بېكىتىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ماجىرانى ئەرز قىلىش سورۇكى ئىككى يىل بولىدۇ، بۇ سورۇك ئالاقىدارلار ھوقۇقىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلگەن ياكى بىلىشكە تېگىشلىك بولغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ، دەۋا قىلىشقا مۇشۇ سورۇك ئىچىدە دەۋا قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزمىسە سورۇك ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ دەۋا ھوقۇقى يوقىلىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەنىنىڭ «تاۋار ئۆيلەرنى سېتىشنى باشقۇرۇش چارىسى» (2001 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) نىڭ 32 ـ ، 33 ـ ماددىلىرى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» (1986 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) نىڭ 135 ـ ، 136 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

## 21. ئەرزان باھالىق تۇرالغۇ ئۆي دېگەن نېمە؟ ئەرزان باھالىق تۇرالغۇ ئۆينى سېتىشقا بولامدۇ؟

ئەرزان باھالىق تۇرالغۇ ئۆي دېگىنىمىز، شەھەرلەردىكى تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بويىچە مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ سېلىنغان كاپالەت خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆيلەردىن ئىبارەت.

ئەرزان باھالىق تۇرالغۇ ئۆيلەرنى سېتىۋالغۇچىلارنىڭ مۇلۇك ھوقۇقى چەكلىك بولۇپ، ئۇنى سېتىۋالغىنىغا بەش يىل توشمىسا بىۋاسىتە بازارغا سېلىشقا بولمايدۇ ھەم ئۇنىڭ تولۇق ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولالمايدۇ، ئۆي سېتىۋالغۇچى ئالاھىدە سەۋەبلەردىن ئۇنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە تېگىشلىك بولۇپ قالغاندا، ھۆكۈمەت ئەسلىي باھاسى بويىچە ئۇپراش ۋە مال باھا قاتارلىق ئامىللارنى كۆزدە تۇتۇپ سېتىۋالىدۇ. دېمەك، ئەرزان باھالىق ئۆينى سېتىۋالغۇچى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بىر تەرەپ

قىلالمايدۇ. ئەرزان باھالىق تورالغۇ ئۆينى سېتىۋالغىنىغا بەش يىل توشقان بولۇپ، سېتىۋالغۇچى ئۇنى بازارغا سېلىپ ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولسا، شۇ ۋاقىتتىكى ئوخشاش يەردىكى ئادەتتىكى تاۋار تورالغۇ ئۆي بىلەن ئەرزان باھالىق تورالغۇ ئۆينىڭ پەرقلىق باھاسىنىڭ مەلۇم نىسبىتى بويىچە ھۆكۈمەتكە يەر كىرىمى قاتارلىق ئالاقىدار باھا پۇلىنى تاپشۇرىدۇ. كونكرېت تاپشۇرۇش نىسبىتىنى شەھەرلىك، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتىدۇ، ھۆكۈمەت ئاۋۋال سېتىۋالسا بولىدۇ. ئۆي سېتىۋالغۇچىمۇ ھۆكۈمەت بېكىتكەن ئۆلچەم بويىچە ھۆكۈمەتكە يەردىن مەنپەئەتلىنىش قاتارلىق ئالاقىدار باھا پۇلىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن تولۇق مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «ئەرزان باھالىق ئۆيلەرنى باشقۇرۇش چارىسى» (2007 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) نىڭ 30 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 22. ئەرزان باھالىق ئۆينى يەڭ ئىچىدە ئۆتۈنۈپ بەرسە قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟

ئەرزان باھالىق، قولايلىق ئۆينى يەڭ ئىچىدە ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەركىتى ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملاردىكى مەجبۇرلاش بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ بولغان، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەنپەئەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىش بولغاچقا، خاراكتېر جەھەتتىن، ئۇ ئەلۋەتتە قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولمىغان ھەرىكەتتۇر. ئەرزان باھالىق تورالغۇ ئۆيلەرنى سېتىش ـ سېتىۋېلىشتا، دۆلەتنىڭ كۈچلۈك بولغان چەكلىمىسى بار، سېتىۋالىدىغان ئوبيېكتلارغا قويۇلىدىغان شەرتمۇ قاتتىق بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، بۇ خىل ئۆينى سېتىۋالغۇچى شۇ جايدىكى شەھەر ـ بازار نوپۇسىدىكى ئائىلە بولۇشى كېرەك؛

ئىككىنچىدىن، ئائىلە كىرىمى شەھەرلىك، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىنىڭ ئۆلچىمىگە توشۇش كېرەك؛

ئۇچىنچىدىن، ئۆيى بولماسلىق ياكى ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنىڭ كۆلىمى شەھەرلىك. ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي بىلەن قىيىنچىلىقى بولۇش ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك.

ئەرزان باھالىق تۇرالغۇ ئۆي بىلەن تەمىنلىنىدىغان ئوبيېكتلارنىڭ تۇرالغۇ قىيىنچىلىق ئۆلچىمىنى شەھەرلىك، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى شۇ جايدىكى تاۋار تۇرالغۇ ئۆي باھاسى، ئاھالىلەرنىڭ ئائىلە بويىچە ئېلىكىدە تۇتۇپ تۇرىدىغان كىرىمى، ئولتۇراقلىشىش سەۋىيەسى ۋە ئائىلىلەرنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن بېكىتىپ، ھەر يىلى جەمئىيەتكە بىر قېتىم ئېلان قىلىدۇ. بۇنداق ئۆينى بازارغا سېلىش ياكى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە چوقۇم قانۇنلۇق مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن ئەھۋال ئاستىدىلا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەرزان باھالىق تۇرالغۇ ئۆينى ئۆتۈنۈپ بەرگەندە، ئۆتۈنۈپ بەرگۈچى بېكىتىلگەن ئۆيگە تېخى ئەمەلىي ئېرىشمىگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئەرزان باھالىق ئۆينى يەڭ ئىچىدە ئۆتۈنۈپ بېرىش قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك بەلگىلىمىگە خىلاپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىجتىمائىي جامائەت مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، شۇڭا ئۇ قانۇنىي چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولمىغان ھەرىكەت بولىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى» (1999 يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى) نىڭ 52 ـ ماددىسى، گوۋۇيۈەننىڭ «ئەرزان باھالىق ئۆيلەرنى باشقۇرۇش چارىسى» (2007 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) نىڭ 25 ـ، 26 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 23. سېتىۋېلىنغان ئەرزان باھالىق ئۆينى سېتىۋېتىپ، ئىدارىنىڭ مەبلەغ جۇغلاپ ئۆي سېلىشىغا قاتناشسا بولامدۇ؟

ئەرزان باھالىق تۇرالغۇ ئۆيلەر شەھەر- بازارلاردىكى ئولتۇراق

ئۆي قىيىنچىلىقى نىسبەتەن ئېغىر بولغان تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغان، ئۇنىڭ باھاسى نىسبەتەن تۆۋەن بولغاچقا، ئۇنى سېتىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىشتە كۈچلۈك بولغان چەكلىمە ۋە شەرتلەر بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەرزان باھالىق ئۆي سېتىۋالغان ئائىلە ۋە شەخسلەر يەنە باشقا تۇرالغۇ ئۆي سېتىۋالسا، ئەسلىدىكى ئەرزان باھالىق ئۆيىنى بوش تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنى ھۆكۈمەت توختامدىكى پۈتۈم بويىچە سېتىۋالىدۇ، بەلگىلىمە بويىچە، بىر ئائىلىنىڭ پەقەت بىرلا قېتىم ئەرزان باھالىق تۇرالغۇ ئۆي سېتىۋېلىشىغا بولىدۇ. شۇڭا ئەرزان باھالىق تۇرالغۇ ئۆي سېتىۋالغانلار بۇ ئۆيىنى سېتىۋېتىپ، يەنە پاراۋانلىق بويىچە ئۆي تەقسىملەشكە قاتنىشىشقا، قايتىدىن ئەرزان باھالىق تۇرالغۇ ئۆي سېتىۋېلىشقا قاتنىشىشقا ۋە ئىدارىسى مەبلەغ جۇغلاپ ھەمكارلىشىپ قايتا ئۆي سېلىشقا قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «ئەرزان باھالىق ئۆيلەرنى باشقۇرۇش چارىسى» (2007 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) نىڭ 31 ـ، 32 ـ، 33 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

## 24. ئۆيلۈك يەرگە دائىر دەۋا ماجىرالىرىنى قەيەرگە ئەرز قىلىش كېرەك؟

يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا دائىر تالاش ـ تارتىشنى ئالاقىدارلار كېڭىشىپ ھەل قىلىش كېرەك، كېڭىشەلمىسە، خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ، شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى، شەخسلەر بىلەن ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى

خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئالاقىدارلار مۇناسىۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا قايىل بولمىسا، قارارنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى» (2004 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) نىڭ 16 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**25. ئۆي سېتىش ـ سېتىۋېلىش ماجىرالىرىنىڭ دەۋا قىلىش ۋاقىت چېكى قانچىلىك بولىدۇ؟**

دەۋا ۋاقىت چېكى دېگىنىمىز، دەۋا قىلىشقا ھوقۇقلۇق كىشىنىڭ مۇئەييەن مەزگىل ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇقىنى قوغداشنى يۈرگۈزمىسە، ئاشۇ دەۋانى قىلىش ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ ئەرز قىلىش ھوقۇقىنى يوقىتىدىغانلىقىنى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇقىنى قايتا قوغدىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆي سېتىش ـ سېتىۋېلىشقا ئائىت دېلولارنى ئەرز قىلىپ دەۋالىششنىڭ مۇددىتى ئىككى يىل بولىدۇ. بۇ ۋاقىت دەۋالاشقۇچى ئالاقىدار كىشى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت ھوقۇقىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلگەن ياكى بىلىشكە تېگىشلىك بولغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. دەۋا سوروكىنىڭ ئاخىرقى ئالتە ئېيى ئىچىدە يەڭگىلى بولمايدىغان سەۋەب ۋە توسالغۇلار تۈپەيلىدىن تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مۇمكىن بولماي قالسا، دەۋا سوروكى توختىتىپ تۇرۇلىدۇ، دەۋا سوروكى ئۇنى توختىتىپ تۇرۇشتىكى سەۋەبلەر تۈگىتىلگەن كۈندىن ئېتىبارەن ئۇلىنىپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئادەتتىكى ئەھۋالدىكى ھەق تەلەپ دەۋاسى قىلىشقا قويۇلىدىغان

چەك. لېكىن تېنى زەخىملەنگەنلىكى ئۆچۈن تۆلەم تەلەپ قىلىش دەۋاسى، سوپىتى ئۆلچەمگە توشمايدىغان تاۋارنى ئېلان قىلماي ساتقانلار ئۈستىدىكى دەۋا، ئىجارە پۇلىنى تاپشۇرۇشنى كېچىكتۈرگەنلەر ياكى تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلار ئۈستىدىكى دەۋا ۋە ئامانەت قويۇلغان نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويغانلار ياكى بۇزۇپ قويغانلار ئۈستىدىن قىلىندىغان دەۋالارنىڭ سۈرۈكى بىر يىل بولىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» ( 1986 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) نىڭ 135 ـ، 136 ـ، 139 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

## ئىككىنچى، يىغىۋېلىشقا دائىر بىلىملەر

**26. چېقىش - كۆچۈرۈش بىلەن يىغىۋېلىش بىر ئۇقۇممۇ؟**

گوۋۇيۈەننىڭ 2001 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈندىكى 40 - قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا ماقۇللانغان، شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان «شەھەر ئۆيلىرىنى چېقىش - كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقا قانۇن - بەلگىلىمىلەردە بۇ ئاتالغۇ «شەھەر ئۆيلىرىنى چېقىش - كۆچۈرۈش» دەپ بېكىتىلگەن. بۇ نىزام گوۋۇيۈەننىڭ 2011 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى 141 - قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، شۇ يىل شۇ ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» نىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈشى ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇنداقلا، «شەھەر ئۆيلىرىنى چېقىش - كۆچۈرۈش» دېگەن ئاتالغۇ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش» دەپ ئۆزگەرتىلدى. ماھىيەتتە بۇ ئىككىسى بىر ئۇقۇم بولۇپ، تۆۋەندە يېڭىدىن تۈزىتىلىپ يولغا قويۇلغان مۇشۇ «نىزام» دا بېكىتىلگەن ئاتالغۇ بويىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى) نىڭ 35 - ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**27. كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەردىكى ئۆينى، يىغىپ ئېلىپ ئىشلىتىشكە بولامدۇ؟**

يىغىۋېلىش دېگىنىمىز، ئۆي سېلىنغان يەر ئەسلىدە دۆلەت ئىلكىدىكى يەر بولۇپ، يەر ئىشلىتىش هوقۇقى ئۆتۈنۈپ (سېتىپ)

بىرىلگەندىن كېيىن، بۇ يەرگە ئۆي سېلىنغان، شەھەر قۇرۇلۇشى ئېھتىياجى سەۋەبىدىن بۇ يەرنى يەنە قايتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىپ، بۇ يەرگە قايتا قۇرۇلۇش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىپ ئېشلىتىش دېگىنىمىز، ئۆي سېلىنغان يەر ئەسلىدە غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى (كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى) يەر بولۇپ، ھازىر دۆلەت ئىلكىگە قايتۇرۇۋېلىش ھەمدە قۇرۇلۇش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. روشەنكى، بۇ ئىككىسى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئۇقۇم بولۇپ، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن تەڭشىلىدۇ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 2 ـ، 8 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

## 28. دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىندىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىشقا قايسى تارماق كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ؟

گوۋۇيۈەننىڭ قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى مەملىكەت بويىچە شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۆي ـ زېمىن باشقۇرۇش مەمۇرىي تارماقلىرى ياكى خەلق ھۆكۈمىتى ھوقۇق بەرگەن تارماقلار (ئادەتتە بۇ قىسقارتىپ ئۆي يىغىپ ئېلىشنى باشقۇرۇش تارمىقى دېيىلىدۇ) ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىشقا مۇناسىۋەتلىك يەر باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يىغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش خىزمىتى ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر ئۆي ـ زېمىنىنى باشقۇرۇش قانۇنى» (2007 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى) نىڭ 7 ـ ماددىسى، گوۋۇيۇەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

## 29. ئۆي ئالغۇچى تەرەپنىڭ يىغىۋېلىش جەريانىدىكى ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى قايسىلار؟

ئۆي ئالغۇچى تەرەپنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى مۇنۇلار:

(1) ئۆي يىغىۋېلىش ئىجازەتنامىسى ئېلىشقا قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلىش ۋە ئېلىش ھوقۇقى. بۇنىڭدا ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى تارماق ئىلتىماسنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ 30 كۈن ئىچىدە ئىلتىماس قىلغان ئىشلارنى تەكشۈرۈشى، شەرتى توشقانلارغا ئىجازەتنامە بېرىشى، شەرتى توشمىغانلارغا ئىجازەتنامە بەرمەسلىكنىڭ سەۋەبىنى يازما ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك؛

(2) مەمۇرىي كېسىم قىلىشقا ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقى. ئۆي ئالغۇچى بىلەن ئۆي ساتقۇچى ياكى بۇ ئىككى تەرەپ بىلەن ئۆي ئىجارە ئالغۇچى يىغىۋېلىش تۆلىمى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا، ئۆي ئالغۇچى ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى تارماققا مەمۇرىي كېسىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛

(3) ئۆيى ئېلىنغۇچى بىلەن تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى تۈزۈش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بولىدۇ؛

(4) يىغىۋېلىش مۆھلىتىنى ئۇزارتىشنى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقى. بۇ دېگىنىمىز، ئۆي ئالغۇچى يىغىۋېلىش مۆھلىتىنى ئۇزارتىش توغرا كەلدى، دەپ قارىسا، يىغىۋېلىش مۆھلىتى توشۇشتىن 15 كۈن ئىلگىرى، يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى تارماققا يىغىۋېلىش مۆھلىتىنى ئۇزارتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى تارماق ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان

كۈندىن باشلاپ 10 كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرىدۇ؛

(5) يېغىۋېلىش ئۇسۇلىنى تاللىۋېلىش. بۇ دېگىنىمىز، ئالغۇچى ئورۇن يېغىپ ئېلىنىدىغان ئۆيىنى ئۆزى چاقسىمۇ، سالاھىيىتى بولغان باشقا ئورۇنغا ھاۋالە قىلىپ چاقتۇرسىمۇ بولىدۇ، ئۇلار ئۆي چېقىش ھاۋالە قىلىنغان ئورۇن بىلەن يېغىۋېلىش ھاۋالە توختامى تۈزۈشى كېرەك؛

(6) مەجبۇرىي كۆچۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىش. بۇ دېگىنىمىز، يېغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۆيى ئېلىنغۇچى ياكى ئىجارە ئالغۇچى مۆھلەت ئىچىدە كۆچۈشنى رەت قىلسا، ئۆي ئالغۇچى قانۇن بويىچە كېسىم ھەيئىتىگە كېسىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ، شۇنداقلا ئۆي ئالغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈشنى قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلسىمۇ بولىدۇ؛

(7) يېغىۋېلىش تۆلىمى بېرىشتە تالاش - تارتىش كۆرۈلسە، كېسىم قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا، دەۋا قىلسا بولىدۇ؛

(8) قۇرۇلۇش تۈرىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھوقۇقى.

مەجبۇرىيىتى مۇنۇلار:

(1) ئۆي ئالغۇچى ئۆيى ئېلىنغۇچى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىرلىككە كېلىپ، يېغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش كېلىشىمى ھاسىل قىلغاندىلا ئۆينى چېقىشقا بولىدۇ، ھەمدە كېلىشىمدە پۈتۈشكەن ئۇسۇل، ۋاقىت بويىچە چېقىپ كۆچۈرۈشى كېرەك؛

(2) ئۆيى ئېلىنغۇچىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، تۆلەم بېرىش كېلىشىمى بويىچە تۆلەم پۇلى بېرىدۇ، ئۆيى ئېلىنغۇچى ياكى ئۆي ئىجارە ئالغۇچىغا كۆچۈش ياردەم پۇلى ۋە ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى بېرىدۇ؛

(3) تۇرالغۇ قىلىنمىغان ئۆيلەرنى ئېلىش تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت توختاپ قالغان بولسا مۇۋاپىق تۆلەم

پۇلى بېرىش كېرەك؛

(4) ئۆيى ئېلىنغۇچىلار ياكى ئىجارە ئولتۇرغۇچىلاردىن كۆچۈپ تۇرۇش مۆھلىتى ئىچىدە ئۆزى ئۆي تاپالمىغانلىرىنى ئوبوروت ئۆيى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك؛

(5) ئۆي ئالغۇچى ئۆيى ئېلىنغۇچىلارنى ۋە باشقا ئۆي ئىشلەتكۈچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا دۆلەتنىڭ سىياسەت ـ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئېتىبار بېرىشى كېرەك؛ بىخەتەرلىك ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۆي بىلەن تەمىنلىشى كېرەك؛

(6) ئۆي يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى تۈگىمىگەن قۇرۇلۇش تۈرىنى ئۈتۈنۈپ بېرىشتە ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەنىنىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 16 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 30. ئۆيى يىغىۋېلىنغۇچىنىڭ يىغىۋېلىش جەريانىدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتى قايسىلار؟

قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆيى ئېلىنغۇچىلارنىڭ مۇنداق ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتى بار، ئاساسىي ھوقۇقى بولسا، يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆيىنىڭ ئىگىسى ئومۇمەن تۆلەم ئېلىش ۋە ئورۇنلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن يەنە مۇنداق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ:

(1) ئۆي ئالغۇچى بىلەن تۆلەم ئۇسۇلى، تۆلەم سوممىسى، ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆينىڭ كۆلىمى، ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئورۇن، كۆچۈش مۆھلىتى، كۆچۈپ تۇرۇش ئۇسۇلى ۋە كۆچۈپ تۇرۇش مۆھلىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئەركىن كېڭىشىپ، يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى تۈزىدۇ، ئۇلارنى مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ؛

(2) تۆلەم ئېلىش ئۇسۇلىنى تاللىۋالىدۇ، يەنى تۆلەم ئۈچۈن

پۇل ئالسىمۇ بولىدۇ، ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلسىمۇ (ئۆيگە ئۆي ئالسىمۇ) بولىدۇ؛

(3) تۆلەم پۇلىنى كېلىشىم بويىچە ئۆز ۋاقتىدا يېتەرلىك ئېلىش ھوقۇقى؛

(4) يىغىۋېلىش ياردەم پۇلى ۋە ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى ئېلىش ھوقۇقى؛

(5) ئوبوروت ئۆيى بىلەن تەمىنلىنىش ھوقۇقى؛

(6) تۇرالغۇ بولمىغان ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى توختاپ قالسا مۇۋاپىق تۆلەمگە ئېرىشىش ھوقۇقى؛

(7) ئىسپات ئاڭلاش ھوقۇقى، يەنى ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى ئورۇن مەمۇرىي كېسىم چىقىرىپ بېرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆي ئالغۇچى بىلەن ئۆيى ئېلىنغۇچى ئوتتۇرىسىدا يىغىۋېلىش، يىغىۋېلىش، تۆلەم، ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كېلىشىم ھاسىل قىلالمىغاندا، يەنە كېلىپ، كېلىشىم ھاسىل قىلالمىغان ئۆيى ئېلىنغۇچىلار كۆپرەك بولغان ئەھۋالدا ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

ئۆيى ئېلىنغۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى:

(1) ئۆي يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش؛

(2) ئۆي يىغىۋېلىش ئىجازەتنامىسىدە بېكىتىلگەن چېقىش دائىرىسى ۋە يىغىۋېلىش مۆھلىتى ئىچىدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆچۈش؛

(3) يىغىۋېلىش دائىرىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۆيى ئېلىنىدىغانلار، جۈملىدىن يىغىۋېلىش دائىرىسىدىكى ئورۇنلار ۋە شەخسلەر يېڭى ئۆي سېلىش، كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىپ سېلىش، ئۆي ۋە يەرنىڭ ئىشلىتىش ئورنىنى ئۆزگەرتىش، ئىجارە بېرىش،

ئىجارە ئېلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 14 ـ، 21 ـ، 22 ـ، 23 ـ، 24 ـ، 25 ـ، 27 ـ، 26 ـ، 28 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

## 31. دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىنىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش كېسىمى دېگەن نېمە، ئۇ قانداق ئەھۋالدا چىقىرىلىدۇ؟

دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش كېسىمى مەمۇرىي كېسىمنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇ ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى مەمۇرىي مەسئۇل تارماق يىغىۋېلىشقا دائىر قانۇن ـ قائىدىلەردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆيى ئالغۇچى بىلەن ئۆيى ئېلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى يىغىۋېلىش تۆلىمىنىڭ شەكلى، چېقىپ كۆچۈرۈش ئۇسۇلى ۋە تۆلەم سوممىسى، ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆينىڭ كۆلىمى ۋە ئۆتكۈنچى مۆھلەت قاتارلىق تالاش ـ تارتىشلار ئۈستىدە چىقارغان ، ئالاقىدار ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتكە دائىر كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ.يىغىۋېلىش مەمۇرىي كېسىمى چىقىرىلغان ھەم يەتكۈزۈلگەن ھامان قانۇن كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ئالاقىدارلار ئۇنى ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئالاقىدارلار بۇ مەمۇرىي كېسىمگە قايىل بولمىسا بىر دەرىجە يۇقىرى مەمۇرىي كېسىم ئورگىنىنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىنى ئىلتىماس قىلسىمۇ ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل كېسىم ئۆي ئالغۇچى بىلەن ئۆيى ئېلىنغۇچى ياكى ئۇلار بىلەن ئۆي ئىجارە ئالغۇچىلار كۆچۈش مۆھلىتى، تۆلەم بېرىش ئۇسۇلى، تۆلەم ئۆلچىمى ۋە ۋاقىتلىق كۆچۈپ تۇرۇش ئۇسۇلى، باشقا ئولتۇرۇپ تۇرۇش مۇددىتى قاتارلىق ئىشلاردا كېلىشىم ھاسىل قىلالمىغاندا چىقىرىلىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش مەمۇرىي كېسىم خىزمىتى قائىدىسى» (2003 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى) نىڭ 2 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**32. شەھەر ـ بازارلاردىكى ئۆيى يىغىپ ئېلىنىدىغانلار قانداق بېكىتىلىدۇ؟**

شەھەر ـ بازارلاردىكى ئۆيى ئېلىنغۇچى ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ ئىگىدارلىق قىلغۇچىسىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى ئورۇن ياكى شەخستۇر. ئادەتتە ئىگىدارلىق قىلغۇچى مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىدە تىزىملانغان ھوقۇق ئىگىسى بولۇپ، بىر ئادەم ئىگىدارلىق قىلغۇچى بولسىمۇ ياكى بىر نەچچە ئادەم ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچى بولسىمۇ بولىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) نىڭ 64 ـ ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر ئۆي ـ زېمىنلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى» (1994 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى) نىڭ 5 ـ ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» (1986 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ) نىڭ 78 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**33. شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش ئېلانى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىچۇ؟**

شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش ئېلانى دېگىنىمىز، ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى تارماق يىغىپ ئېلىنىدىغان ئورۇن، يىغىپ ئېلىنىدىغان دائىرە، يىغىۋېلىش ۋاقتى قاتارلىقلار توغرىسىدا، يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆي ياكى بۆلەك دائىرىسىگە ياكى شۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئاسان چېلىقىدىغان جايغا چىقىرىلىدىغان ئاشكارە ئېلاننى كۆرسىتىدۇ. يىغىۋېلىشنىڭ كۆلىمى چوڭراق بولغاندا گېزىتتە ئېلان بېرىلىدۇ. بۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆيى ئېلىنغۇچىلارنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى چۈشىنىش، قوغداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. ئۆي يىغىۋېلىش ئېلانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلار:

(1) ئۆي ئالغۇچى، بۇ ئۆي يىغىۋېلىش ئىجازەتنامىسىگە

ئېرىشكەن ئورۇننى كۆرسىتىدۇ؛

(2) يىغىۋېلىش دائىرىسى، بۇ ئۆي يىغىۋېلىشقا مەسئۇل تارماقلار قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىش پىلانى ئىجازەتنامىسىگە ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلىتىش هوقۇقى هەققىدىكى تەستىق هۆججەتتە بەلگىلەنگەن قۇرۇلۇش تۈرىگە يەر ئىشلىتىش دائىرىسىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆيلەرنىڭ دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ؛

(3) يىغىۋېلىش مۆھلىتى، بۇ ئۆي ئالغۇچىنىڭ ئۆي يىغىۋېلىش خىزمىتىنى تاماملاشتىكى باشلىنىش، ئاخىرلاشتۇرۇش ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ؛

(4) يىغىۋېلىشنى ئىجرا قىلغۇچى ئورۇن، بۇ يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆيلەرنى ئۆزى چېقىپ كۆچۈرىدىغان ئورۇنمۇ ياكى يىغىۋېلىشنى هاۋالە قىلامدۇ، هاۋالە قىلسا قايسى ئورۇنغا هاۋالە قىلىدۇ، بۇ ئورۇن شۇ خىل سالاهىيەتكە ئېرىشكەنمۇ؟ دېگەنلەرنى شۇنداقلا، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى مەمۇرىي ئەرز قىلسىمۇ بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش لايىهەسىنى تېخىمۇ ئادىل، توغرا دەلىللەش، جامائەتتىن ئاشكارا پىكىر ئېلىش ئۈچۈن، ئېلاننى ئالدىن چىقىرىش مۇددىتى 30 كۈندىن كەم بولماسلىقى كېرەك.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ « دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 10 ـ، 11 ـ، 13 ـ، 14 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

### 34. يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى قانداق ئەھۋالدا ئىناۋەتسىز بولىدۇ؟

1) ئۆي ئۆي يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىنى ئۆي ئالغۇچى ياكى ئۆيى ئېلىنغۇچى ئالداش، زورلاش ۋاسىتىسى بىلەن تۈزگەن بولسا ھەم بۇنداق ۋاسىتە تەرەپلەرنىڭ

مەنپەئەتىگە ۋە دۆلەت مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بولسا؛

2) ئۆي يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىنى ئۆي ئالغۇچى، ئۆيى ئېلىنغۇچى ياكى ئۆي ئىجارە ئالغۇچى يامان نىيەتتە تىل بىرىكتۈرۈپ تۈزۈپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە ئۈچىنچى كىشىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالغان بولسا؛

3) كېلىشىمدىكى ئالاقىدارلار قانۇنلۇق كېلىشىم تۈزۈش شەكلى بىلەن قانۇنسىز مەقسىتىنى يوشۇرغان بولسا؛

4) ئۆي يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى ئەگەر جامائەت مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان بولسا؛

5) ئۆي يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىنىڭ ماددىلىرى قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملاردىكى مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ بولسا.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردا تۈزۈلگەن كېلىشىم ئىناۋەتسىز بولىدۇ، ئىناۋەتسىز كېلىشىم ۋە توختاملارنىڭ قانۇنىي كۈچى بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭدا پۈتۈشۈلگەن ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلەرمۇ قانۇن تەرىپىدىن قوغدالمايدۇ.

قانۇن ئاساسى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى» (1986 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) نىڭ 13 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**35. ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى بولمىغان ئۆيى ئېلىنغۇچىلار تۈزگەن يىغىۋېلىش كېلىشىمى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟**

ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى يوق كىشىلەر دېگىنىمىز، ئۆز ھەرىكىتىنى ئاڭقىرالمايدىغان روھىي كېسەللەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھەق تەلەپ ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاكالەتچىلىرى ۋاكالىتەن ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر ئۆيى ئېلىنغۇچى ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى يوق كىشى بولسا، ئۇنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاكالەتچىسى ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن ئۆي

ئالغۇچى بىلەن يىغنۇېلىش كېلىشىمى تۈزىدۇ، ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى يوق كىشىنىڭ ئۆي ئالغۇچى بىلەن تۈزگەن يىغنۇېلىش كېلىشىمى قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولمايدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئۇمۇمىي قائىدىسى» (1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) نىڭ 52 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 36. تىزىملاش رەسمىيەتلىرى بولمىغان ياكى تولۇق بولمىغان ئۆيلەر قانداق ئېلىنىدۇ؟

تىزىملاش رەسمىيەتلىرى بولمىغان ياكى تولۇق بولمىغان ئۆي دېگىنىمىز، مۈلۈك ھوقۇقى جەھەتتە تالاش ـ تارتىش كۆرۈلگەن، مۈلۈك ھوقۇقى ئىگىسى قانۇنلۇق تىزىملاتمىغان، تىزىملاتقان بولسىمۇ قورۇلۇش قىلىش مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتكەن ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ. قانۇنلۇق تىزىملاتمىغان، تەستىقلاش مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتكەن ئۆيلەرگە تۆلەم بېرىلمەيدۇ، قانۇنلۇق تىزىملاتقان ئۆيلەرگە ۋە ۋاقىتلىق تەستىقلاش مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتمىگەن ئۆيلەرگە تۆلەم بېرىلىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۇەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغنۇېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 24 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 37. شەھەر ئۆيلىرىنى يىغنۇېلىشقا ئائىت كېلىشىم قانداق تۈزۈلىدۇ؟

شەھەر ئۆيلىرىنى يىغنۇېلىش، يىغنۇېلىش، تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى ئۆي ئالغۇچى بىلەن ئۆيى ئېلىنغۇچىلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ، ئۇ مۇنداق ئىككى باسقۇچ بويىچە تۈزۈلىدۇ: بىرىنچى باسقۇچ، ئۆي ئالغۇچى يىغنۇېلىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆي يىغنۇېلىشنى باشقۇرۇش تارمىقى ئېلان چىقىرىدۇ، ئاندىن ئۆي ئالغۇچى تەرەپ مەسلىھەت بېرىش، ئېلان چىقىرىش، تەشۋىقات

ماتېرىيالى تارقىتىش ئارقىلىق ئۆيى ئېلىنىدىغانلارغا يىغىۋېلىش پىلانى ۋە لايىھەسىنى ئۇقتۇرىدۇ، يىغىۋېلىش دائىرىسى، ۋاقتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئۆيى چېقىلىدىغانلارمۇ بۇنىڭغا ئاساسەن يىغىۋېلىش تۆلىمى ياكى ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دېمەك، بۇ باسقۇچتا تەرەپلەر چۈشىنىش هاسىل قىلىدۇ ۋە تەييارلىق قىلىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچ، ئۆي ئالغۇچى، ئۆيى ئېلىنغۇچى ۋە ئۆي ئىجارە ئالغۇچىلار قارشى تەرەپكە كېلىشىم تۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى ھەمدە كونكرېت تۆلەم بېرىش، ئېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، تەرەپلەر بىر ـ بىرىنىڭ تەلىپىنى مۇۋاپىق كۆرسە كېلىشىم هاسىل قىلىنىدۇ. ئاندىن كېلىشىم يازمىچە پۈتۈلۈپ، ئۇنىڭغا ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ كۆلىمى، دائىرىسى، تۆلەم بېرىش شەكلى ۋە ئۆلچىمى، ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆينىڭ ئورنى ۋە ئۆلچىمى، تۆلەم سوممىسى ۋە تۆلەش ئۇسۇلى، چېقىش ـ كۆچۈش سۈرۈكى، تالاش ـ تارتىش كۆرۈلسە ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق مەزمۇنلار يېزىلىدۇ. ئاندىن ھۆكۈمەت گوۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

قانۇن ئاساسى: « شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىنى ھۆكۈمەت گوۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش تەپسىلىي قائىدىسى» (1992 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) نىڭ 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ماددىلىرى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئېلىش ۋە يىغىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» نىڭ 4 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**38. ئۆيى ئېلىنغۇچى ئۆي ئالغۇچى بىلەن كېڭىشەلمىسە ياكى كېلىشىم تۈزۈشكە قوشۇلمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

ئۆي ئالغۇچى ۋە ئۆيى ئېلىنغۇچى تەرەپلەر ئۆي يىغىۋېلىش ئېلانىدا تەستىقلانغان كۆچۈرۈش مۆھلىتىدە تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى تۈزەلمىسە، كۆچۈرۈش مۆھلىتى

توشقان كۈندىن باشلاپ يىغىۋېلىش سورۇكى توشمىغان كۈنگىچە، ئالاقىدارلارنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئۆي يىغىۋېلىش ئىجازەتنامىسى تارقاتقان ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ ئاشكارا باھالىشىغا سۇنىدۇ. ئالاقىدارلار بۇ باھالاشقا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ياكى مەمۇرىي دەۋا قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەمۇرىي ھۆججەت چىقىرىش، ئېلان چىقىرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش تۆلىمى باھاسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى بىۋاسىتە بېكىتىشكە بولمايدۇ، ھەرقانداق ئورۇن، تارماق ۋە شەخسنىڭ ئۆيى ئېلىنغۇچىنى كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇرلىشىغا، ئۇلارنىڭ نورمال تۇرمۇش، تىجارەت، خىزمەت پائالىيىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ، قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە قانۇنسىز زىيان يەتكۈزۈشكە، توك، سۇ، گاز، پار قاتارلىقلارنى توختىتىۋېتىشكە، يولىنى توسۇپ قويۇشقا ۋە خالىغانچە ساقچى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى) نىڭ 14 -، 20 -، 27 -، 30 -، 31 -، 32 - ماددىلىرى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئېلىش ۋە يىغىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» (2010 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) نىڭ 4 -، 5 - ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

## 39. كېلىشىم ھاسىل قىلماي تۇرۇپ ئۆيى ئېلىنىدىغانلارنىڭ ئۆيىنى مەجبۇرىي چېقىشقا بولامدۇ؟

ئۆي يىغىۋېلىش، چېقىپ كۆچۈرۈش، تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرى چوقۇم ئادىل، ھەققانىي كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، كېلىشىم

ھاسىل قىلالمىسا، ئۆي يىغىۋېلىشقا مەسئۇل تارماقلارنىڭ قارار چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلىش كېرەك، قارارغا قايىل بولمىسا، شۇ قارارنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ ئۈچ ئاي ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى) نىڭ 26 - ماددىسى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئېلىش ۋە يىغىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» (2010 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) نىڭ 4 - ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 40. ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى بولمىسا مەجبۇرىي چېقىشقا بولامدۇ؟

نۆۋەتتە كوللېكتىپ يەرلىرىدىكى ئۆيلەرگە ئۆي ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى بېرىش ئومۇمىيۈزلۈك تارقىتىلىپ بولۇنمىدى، ئۆي ئالغۇچى تەرەپنىڭ مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆيى ئېلىنغۇچىلارغا ئۇلار ئېرىشىشكە تېگىشلىك تۆلەمنى بېرىشنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئېلىنىدىغان ئۆي كۆپ يىل ئىشلىتىلگەن ۋە يېزا، بازارلىق يەر باشقۇرۇش تارمىقىغا تىزىمغا ئالدۇرۇلغان، ئۆينىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئەمەلىيەتتە شۇ ئۆي ئىگىسىگە ئۆتكەن بولسىلا، ئۆي ئىگىدارى ئۆي يىغىۋېلىش تۆلىمىگە ئېرىشىشكە ھوقۇقلۇق. لېكىن شەھەرلەردىكى ئىگىدارچىلىق گۇۋاھنامىسى بولمىغان ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش مەسىلىسىدە ئەھۋال باشقىچىرەك. ئادەتتە مەجبۇرىي يىغىۋېلىشنىڭ كونكرېت شەرتلىرى مۇنۇلار:

(1) ئۆي ئالغۇچى تەرەپ بىلەن ئۆيى ئېلىنغۇچى يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى ھاسىل قىلالمىسا؛

(2) ئالاقىدار بىر تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپ كېسىم چىقىرىشنى تەلەپ قىلسا؛

(3) مەمۇرىي كېسىمنامە مەۋجۇت بولسا؛

(4) ئۆيى ئېلىنغۇچى كېسىمدە بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە كۆچمىسە؛

(5) ئۆي ئالغۇچى كېسىم مەزمۇنى بويىچە ئۆيى ئېلىنغۇچىغا تۆلەم بەرگەن ياكى دۆلەتنىڭ سۈپەت ـ بىخەتەرلىك ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆيى، ئوبوروت ئۆيى بەرگەن بولسا. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا ئۆيى ئېلىنغۇچى چېقىلىدىغان ئۆينى بىكارلاپ بەرمىسە مەجبۇرىي كۆچۈرۈلىدۇ ۋە ئۆيى مەجبۇرىي چېقىلىدۇ.

مەجبۇرىي يىغىۋېلىشنى ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئالاقىدار تارماقلار ئىجرا قىلىدۇ، كونكرېت ئۇسۇلى جەھەتتە:

1) ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى تارماق مەمۇرىي ۋاستە بىلەن مەجبۇرىي چېقىپ كۆچۈرۈشتىن ئىلگىرى، مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى تارماقلار، ئىككى تەرەپنىڭ ئالاقىدار ۋەكىلى قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ، مەجبۇرىي يىغىۋېلىشنىڭ ئاساسى، تەرتىپى، تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆلچىمىنى ھېسابلاش ئاساسى قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئېلىپ بارىدۇ.

2) ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرىدىغان مەسئۇل تارماق ھۆكۈمەتكە مەجبۇرىي يىغىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

3) ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى مەجبۇرىي ۋاستە بىلەن يىغىۋېلىش قارارى چىقىرىدۇ.

4) مەمۇرىي ۋاستە بىلەن مەجبۇرىي يىغىۋېلىشنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى قايىل قىلىش توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك خىزمىتى ئىشلەيدۇ. ئۆيى ئېلىنغۇچىغا مەجبۇرىي يىغىۋېلىش ئېلىپ بېرىشتىن 15 كۈن ئىلگىرى ئۇقتۇرۇش قىلىپ،

ئىمكانقەدەر ئۇلارنىڭ ئۆزى كۆچۈشنى تەشۋىق قىلىش كېرەك.

**قانۇن ئاساسى:** «شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش مەمۇرىي كېسىم خىزمىتى قائىدىسى» نىڭ 18 ـ، 20 ـ، 21 ـ، 22 ـ ماددىلىرى، «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى » (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 28 ـ ماددىسى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئېلىش ۋە يىغىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» (2010 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى) نىڭ4 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 41. ئۆيى ئېلىنغۇچىلار كېلىشىمگە ئاساسەن تۇرالغۇ ئۆيگە ئورۇنلاشالمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۆي ئالغۇچى تەرەپ قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆيى چېقىلغان ئاھالىلەرنى يىغىۋېلىش كېلىشىمىدە بەلگىلەنگەن ئورۇن، كۆلەم، ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغان ئۆينىڭ قەۋىتى، شارائىتى ۋە مۇھلىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆيى ئېلىنغۇچى ئاھالىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆي ئالغۇچى تەرەپنىڭ كېلىشىمدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆيى ئېلىنغۇچىلار يىغىۋېلىشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىش ياكى مەمۇرىي دەۋا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك. ئالغۇچى تەرەپ قانۇن بويىچە توختامغا خىلاپلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆيى ئېلىنغان ئاھالىلەرنىڭ يىغىۋېلىش جەريانىدا كېلىپ چىققان زىيىنىنى تۆلىشى كېرەك. يۇقىرىقىلار، قانۇنىي ئىگىلەر توختامغا خىلاپلىق قىلسا، توختامدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا ياكى تولۇق ئادا قىلمىسا يەنە بىر تەرەپنىڭ توختامنى تولۇق ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىش ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ئۆي چېقىپ قۇرۇلۇش

قىلىش جەريانىدا، ئۆيى ئېلىنغان ئاھالىلەر بىلەن كۆچۈش كېلىشىم توختىمى ئىمزالاپ، ئاھالىلەرنى كېلىشىمدىكى شەرتلەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرمىسا، ئۆيى ئېلىنغان ئاھالە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىنى ھەم زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

قانۇن ئاساسى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» (1986 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) نىڭ 111 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**42. كېلىشىم تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆي ئالغۇچى بىلەن ئۆيى ئېلىنغۇچىدا ئۆزگىرىش بولسا قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟**

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆي ئالغۇچى سۇبىيېكت بىلەن ئۆيى ئېلىنغۇچى سۇبىيېكتتا ئۆزگىرىش بولسا، ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى سۇبىيېكت ئەسلىدىكى سۇبىيېكتنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۆي ئالغۇچىدا ئۆزگىرىش بولسا، مەسىلەن، ئۆي ئالغۇچى ئورۇن بۆلۈنۈپ كەتسە ياكى قوشۇۋېتىلسە، ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى ئورۇن مەسئۇلىيەت جاۋابكارلىقىنى داۋاملىق ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۆي يىغىۋېلىش، يىغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىدە بەلگىلەنگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۆزگەرتىش كېرەك.

قانۇن ئاساسى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى» (1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى) نىڭ 90 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**43. مەدەنىي يادىكارلىقلارغا چېتىلىدىغان يىغىۋېلىش ئىشى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟**

تارىخىي، بەدىئىي، ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك

خەلق ھۆكۈمەتلىرى شەھەر، يېزا قۇرۇلۇشى يېرىك پىلانى تۈزۈشتە، مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداش ئېھتىياجىغا قاراپ، ئاۋۋال شەھەر، يېزا قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش تارمىقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەمۇرىي تارمىقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنىنىڭ قوغدىلىش دائىرىسىدە باشقا قۇرۇلۇش قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئالاھىدە ئەھۋال بولسا، شۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنىنى بېكىتىپ ئېلان قىلغان خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك. مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنىنىڭ ئەتراپىدىكى مەلۇم دائىرىنى قۇرۇلۇش كونترول دائىرىسى قىلىپ ئايرىشقا بولىدۇ. كونترول دائىرىسىدە قۇرۇلۇش قىلغاندا، شۇ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى بۇزۇۋېتىشكە بولمايدۇ، قۇرۇلۇش لايىھەسىنى قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنىنىڭ دەرىجىسىگە ئاساسەن، شۇنىڭغا مۇناسىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەمۇرىي تارمىقىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، شەھەر، يېزا قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش تارمىقىغا تەستىقلىتىش كېرەك. ئۆز ئورنىدا قوغداشقا ئامال بولماي، باشقا ئورۇنغا يۆتكەشكە ياكى چېقىشقا توغرا كەلسە، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىش كېرەك، ئۆلكە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنىنى يۆتكەش ياكى چېقىشتا، تەستىقلىتىشتىن ئاۋۋال گوۋۇيۈەننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەمۇرىي تارمىقىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش شەرت. مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت

يادىكارلىقى ئورنىنى چېقىشقا بولمايدۇ، يۆتكەشكە توغرا كەلگەنلىرىنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى گوۋۇيۈەنگە تەستىقلىتىش شەرت. بۇنىڭغا كېتەرلىك خىراجەتنى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن قۇرۇلۇش خامچوتىغا كىرگۈزىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداش قانۇنى» (2007 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى) نىڭ 20 - ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 44. مەسچىت، بۇتخانا، چىركاۋلارغا چېتىلىدىغان يىغىۋېلىش ئىشى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟

شەھەر پىلانلاش ياكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئېھتىياجى مەسچىت، بۇتخانا، چىركاۋ قاتارلىق دىنىي سورۇن ياكى دىنىي تەشكىلاتنىڭ ئۆي ۋە قۇرۇلمىلىرىنى يىغىۋېلىش مەسىلىسىگە چېتىلغاندا، ئالغۇچىلار شۇ دىنىي سورۇن ياكى تەشكىلات بىلەن كېڭىشىشى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك دىن ئىشلىرى تارمىقىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك. ھەرقايسى تەرەپلەر كېڭىشىپ يىغىۋېلىشقا قوشۇلسا، ئالغۇچى تەرەپ ئېلىنىدىغان ئۆي قۇرۇلمىسىنى يېڭىدىن سېلىپ بېرىشى ياكى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە چېقىلغان - كۆچۈرۈلگەن ئۆي ۋە قۇرۇلمىغا بازار باھاسى بويىچە تۆلەم بېرىلىدۇ. شەھەر يېرىك پىلانى ياكى دائىرە بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مەسچىت، بۇتخانا، چىركاۋ ئۆيلىرىنى چېقىش زۆرۈر بولغاندىن باشقا، ئادەتتە ئۇلارنى چېقىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش كېرەك. چېقىش ھەقىقەتەن زۆرۈر بولغاندا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلىدۇ. چېقىش زۆرۈر بولغان مەسچىت، بۇتخانا، چىركاۋلار ئەگەر مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولسا، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداش

جەھەتتىكى قانۇن ـ نىزاملىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دىن ئىشلىرى نىزامى» (2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) نىڭ 25 ـ ، 26 ـ ، 33 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

**45. ئۆي ئالغۇچى ئۆيى ئېلىنغۇچىنىڭ كۆچۈپ تۇرۇش مۆھلىتىنى ئېنىق بەلگىلىمىگەن بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

ئۆيى ئېلىنغۇچىنى كۆچۈپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، ئۆي ئالغۇچى بىلەن ئۆيى ئېلىنغۇچى ئۆيى ئېلىنغۇچىنىڭ ئوبوروت ۋە كۆچۈپ تۇرۇش ئىشلىرى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشى ھەمدە بىردەك پىكىر ھاسىل قىلىشى كېرەك. يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ياكى يىغىۋېلىش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، ئەگەر چېقىش باشلانغاندا ئۆي ئالغۇچى ئۆيى ئېلىنغۇچى ئۈچۈن تەييارلىغان ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئۆي ياكى تۆلەم ئورنىدا بېرىلىدىغان ئۆي تېخى ئىشلىتىش شارائىتىنى ھازىرلىمىغان بولسا، ئىككى تەرەپ كۆچۈپ تۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى ۋە كۆچۈپ تۇرۇش مۆھلىتى ھەققىدە كېڭىشىشى ھەمدە بىردەك پىكىر ھاسىل قىلىشى لازىم. بىردەك پىكىر ھاسىل قىلالمىسا ياكى تالاش ـ تارتىش كۆرۈلسە ئىككى تەرەپ ئۆي يىغىۋېلىشقا مەسئۇل تارماقنىڭ كېسىم قىلىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىشى لازىم. كۆچۈپ تۇرۇش مۆھلىتىنى خالىغانچە ئۇزارتىۋەتمەسلىك ئۆي ئالغۇچى تەرەپنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كۆچۈپ تۇرۇش ۋاقتى ئالغۇچى تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى سەۋەبىدىن ئۇزىراپ كەتسە، ئۆيى ئېلىنغان ياكى ئۆي ئىجارە ئالغانلاردىن ئۆزى ئۆي تاپقانلارغا مۆھلەت توشقان ئايدىن باشلاپ ۋاقىتلىق ئورۇنلىشىش ياردەم پۇلىنى كۆپەيتىپ بېرىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆي ئالغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى سەۋەبىدىن، كۆچۈپ تۇرۇش مۆھلىتى ئۇزىراپ كەتسە، ئوبوروت ئۆيىنى ئىشلەتكۈچىلەرگە مۆھلەت توشقان ئايدىن باشلاپ ۋاقىتلىق

ئورۇنلىشىش ياردەم پۇلى بېرىش كېرەك. ئۆزىراپ كەتكەن كۆچۈپ تۇرۇش مۆھلىتى ئىشلەتكۈچىگە ئېغىر زىيان كەلتۈرگەن بولسا، تېگىشلىك ھەق ۋە تۆلەمنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 30 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 46. ئۆيى ئېلىنغۇچىلارغا مەجبۇرلاش ۋاستىسى قوللىنىپ كۆچۈشكە زورلىغانلار قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟

قانۇن ـ بەلگىلىمىلەر بويىچە يىغىۋېلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، ئۆيى ئېلىنغۇچىلارنىڭ توك، سۇ، پار، گاز قاتارلىقلىنىيەلىرىنى ئۈزۈۋېتىش، يولىنى توسۇۋېتىش قاتارلىق زورلۇق قىلىش، تەھدىت سېلىش ۋاستىلىرىنى قانۇنسىز قوللىنىپ، ئۇلارنى كۆچۈشكە مەجبۇرلاپ زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغانلار تۆلەم بېرىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بولغان باش مەسئۇل خادىم ۋە بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار باشقا خادىملاردىن جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەنلەرگىمۇ ئامانلىق باشقۇرۇش نىزامى بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 31 ـ ماددىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ «يەر ئېلىش ۋە يىغىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى » (2010 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) نىڭ 5 ـ ماددىسى ( قىسقارتىلدى)

# ئۈچىنچى، تۆلەمگە دائىر بىلىملەر

**47. دۆلەت تۆلەم قانۇنى دېگەن نېمە؟**

دۆلەت تۆلەم قانۇنى دېگىنىمىز، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى خىزمەت هوقۇقىنى يۈرگۈزۈش داۋامىدا، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي هوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىپ، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچراتسا، زىيانغا ئۇچرىغۇچىلار قانۇن بويىچە دۆلەتتىن تۆلەم ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان قانۇندۇر. ئۇ مەمۇرىي تۆلەم ۋە جىنايى ئىشلار تۆلىمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

(تۆۋەندە بىز مەمۇرىي تۆلەم ئۈستىدە، بولۇپمۇ دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش تۆلىمى ئۈستىدە توختىلىمىز)

قانۇن ئاساسى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۆلەم قانۇنى» (1995 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) نىڭ 2 - ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**48. مەمۇرىي تۆلەم دېگەن نېمە، ئۇنىڭ دائىرىسىچۇ؟**

مەمۇرىي تۆلەم دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى مەمۇرىي خىزمەت هوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي هوقۇقىغا ۋە مال - مۈلۈك هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزسە، زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئېرىشىدىغان تۆلەمنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە، مەمۇرىي تۆلەمنىڭ دائىرىسى مۇنۇلاردىن تەركىب تاپىدۇ:

1. جىسمانىي هوقۇقى دەخلى - تەرۇزغە ئۇچراشنىڭ دائىرىسى:

(1) پۇقرالارنى قانۇنغا خىلاپ هالدا توختىتىپ قويغان ياكى قانۇنغا خىلاپ هالدا جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان

مەمۇرىي مەجبۇرلاش تەدبىرىنى قوللانغان بولسا؛
(2) پۇقرالارنى قانۇنسىز قاماپ قويغان ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن قانۇنسىز مەھرۇم قىلغان بولسا؛
(3) ئۇرۇش قاتارلىق زورلۇق ھەرىكىتى ياكى باشقىلارنى كۈشكۈرتۈپ ئۇردۇرۇش قاتارلىق زورلۇق ھەرىكىتى ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ زەخىملىنىشى ياكى ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا؛
(4) ئىپھتىيات قوراللىرى ۋە باشقا قورال ـ ياراغلارنى قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ھالدا ئىشلىتىپ، پۇقرالارنىڭ زەخىملىنىشى ياكى ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا؛
(5) پۇقرالارنىڭ زەخىملىنىشى ياكى ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان باشقا قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار بولسا؛
2. مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچراشنىڭ دائىرىسى:
(1) قانۇنغا خىلاپ ھالدا مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش، ئىجازەتنامە، گۇۋاھنامىنى ئىناۋەتسىز قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنى توختىتىشقا بۇيرۇش، مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق مەمۇرىي جازا يۈرگۈزگەن بولسا؛
(2) قانۇنغا خىلاپ ھالدا مال ـ مۈلۈكنى پېچەتلەش، تۇتۇپ قېلىش، توڭلىتىش قاتارلىق مەمۇرىي مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللانغان بولسا؛
(3) دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ ھالدا مال ـ مۈلۈكلەرنى يىغىۋالغان، سېلىق سېلىپ ھەق ئالغان بولسا؛
(4) مال ـ مۈلۈككە زىيان يەتكۈزىدىغان باشقا ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسا؛

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۆلەم قانۇنى» (1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) نىڭ 3 ـ، 4 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

**49. قانداق ئەھۋالدا دۆلەت تۆلىمى بېرىلمەيدۇ؟**

تۆۋەندىكى ئەھۋالدا زىيانغا ئۇچرىغۇچىغا دۆلەت مەمۇرىي تۆلىمى بېرىلمەيدۇ:

(1) مەمۇرىي ئورگان خادىملىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە مۇناسىۋەتسىز خۇسۇسىي ھەرىكەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش ھەرىكەتلىرى؛

(2) پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ زىيىنى ئۆز ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بولسا؛

(3) قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا ئەھۋاللار.

قانۇن ئاساسى: «جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۆلەم قانۇنى» (1995 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) نىڭ 5 - ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**50. دۆلەت تۆلەم ئۆلچىمى قانداق ھېسابلىنىدۇ؟ تۆلەم تەلەپ قىلىش ۋاقتى چېكى قانداق بولىدۇ؟**

دۆلەت تۆلەم راسخوتى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت مالىيەسىدىن چىقىم قىلىنىدىغان بولۇپ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا جىسمانىي زىياننىڭ تۆلەم ئۆلچىمى مۇنداق بولىدۇ:

(1) پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىنغان بولسا، ھەر كۈنلۈك تۆلەم پۇلى دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالدىنقى يىللىق كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

(2) جىسمانىي زەخىملىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، داۋالاش پۇلى ھۆججەت، تالونغا ئاساسەن بېرىلىدۇ. ئىشتىن قېلىپ كېمىيىپ كەتكەن كىرىمى تۆلەپ بېرىلىدۇ. كېمىيىپ كەتكەن كىرىمى ئۈچۈن بېرىلىدىغان كۈنلۈك تۆلەم پۇلى دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالدىنقى يىللىق كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ يۇقىرى بولغاندا دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالدىنقى يىللىق كۈنلۈك ئوتتۇرىچە

ئىش ھەققى ئۆلچىمىنىڭ بەش ھەسسىسى بويىچە بېرىلىدۇ.

(3) ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي قالغانلارغا داۋالىنىش راسخوتى ۋە مېيىپلىك تۆلەم پۇلى بېرىلىدۇ. مېيىپلىك پۇلى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قېلىش دەرىجىسىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قىسمەن قالغانلارغا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالدىنقى يىللىق كۆنلۈك ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى ئۆلچىمىنىڭ 10 ھەسسىسى بويىچە بېرىلىدۇ. ئەمگەك ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي قالغانلارغا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالدىنقى يىللىق كۆنلۈك ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى ئۆلچىمىنىڭ 20 ھەسسىسى بويىچە بېرىلىدۇ. ئەمگەك ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي قالغانلار بېقىۋاتقان ئەمگەك ئىقتىدارى يوق كىشىلەرگىمۇ تۇرمۇش راسخوتى بېرىلىدۇ.

(4) ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، ئۆلۈم تۆلەم پۇلى، دەپنە پۇلى بېرىلىدۇ. ئومۇمي سوممىسى دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالدىنقى يىللىق كۆنلۈك ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى ئۆلچىمىنىڭ 20 ھەسسىسى بويىچە بېرىلىدۇ. ئەمگەك ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي قالغانلار بېقىۋاتقان ئەمگەك ئىقتىدارى يوق كىشىلەرگىمۇ تۇرمۇش راسخوتى بېرىلىدۇ. تۇرمۇش راسخوتى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە 18 ياشقا كىرگىچە، باشقا ئەمگەك ئىقتىدارى يوقلارغا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بېرىلىدۇ.

مال - مۈلۈك زىيىنىنىڭ تۆلەم ئۆلچىمى مۇنداق بولىدۇ:

(1) مەمۇرىي جەرىمانە قويۇلغان، مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان ياكى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا پۇل - مېلى يىغىۋېلىنغان، سېلىق سېلىپ ھەق ئېلىنغان بولسا، ئەينەن قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

(2) مال - مۈلكى پېچەتلەنگەن، تۇتۇپ قېلىنغان، توڭلىتىلغان

بولسا، دەرھال بۇ تەدبىرلەر بىكار قىلىنىدۇ. مۇشۇ جەرياندا مال ـ مۈلكى بۇزۇلغان، يوقىلىپ كەتكەن بولسا ئەمەلىي قىممىتى بويىچە تۆلەپ بېرىلىدۇ.

(3) قايتۇرۇپ بېرىشكە تېگىشلىك مال ـ مۈلۈك بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرگىلى بولسا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىلىدۇ، ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرگىلى بولمىسا زىيان ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇناسىپ تۆلەم بېرىلىدۇ.

(4) قايتۇرۇپ بېرىشكە تېگىشلىك مال ـ مۈلۈك يوقىلىپ كەتكەن بولسا، مۇناسىپ تۆلەم بېرىلىدۇ.

(5) مال ـ مۈلۈك كەم ئارتۇق سودىسى قىلىپ سېتىۋېتىلگەن بولسا، سېتىۋەتكەن باھاسى بويىچە پۇل بېرىلىدۇ.

(6) ئىجازەتنامە، گۇۋاھنامە ئىناۋەتسىز قىلىۋېتىلگەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتتى توختىتىۋېتىلگەن بولسا، مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان زۆرۈر دائىملىق چىقىمى تۆلەپ بېرىلىدۇ.

(5) مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا باشقا زىيان يەتكەن بولسا، بىۋاستە زىيان تۆلەپ بېرىلىدۇ.

تۆلەم تەلەپ قىلىش ۋاقىت چېكى ئادەتتە ئىككى يىل بولىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۆلەم قانۇنى » (1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) نىڭ 27 ـ ، 28 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

**51. ئۆينى يىغىۋېلىش تۆلىمى دېگەن نېمە؟ ئۇ قايسى تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

ئۆي يىغىۋېلىش تۆلىمى دېگىنىمىز، يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن مۈلۈك ھوقۇقى ئىگىدارى قانۇن بويىچە يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆي ۋە ئۇنىڭدىن ئېرىشىدىغان قانۇنلۇق كىرىمى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، ئۆي ئالغۇچى تەرەپتىن ئېرىشىدىغان سوممىدىن ئىبارەت.

يىغىۋېلىش تۆلىمى ئۆي، ئۆيگە قوشۇپ بىنا قىلىنغان ۋە ئۆيگە بېقىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئالاھىدە ئىشلىتىش رولىغا ئىگە بولغان ئەسلىھە، قۇرۇلما، ئۆي يىغىۋېلىش تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان كۆچۈش، ۋاقىتلىق ئورۇنلىشىش چىقىمى، ئۆي يىغىۋېلىش تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان قانۇنلۇق ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، ئىگىلىك توختاپ قېلىش زىيىنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاۋۋال تۆلەمنى نەقلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن يىغىۋېلىش، يىغىۋېلىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 17 ـ، 27 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

**52. ئۆينى يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ئۇسۇلى قانچە خىل بولىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟**

دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆينى يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرسى، پۇل بىلەن تۆلەم ئېلىش. يەنە بىرسى، ئۆيگە ئۆي ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ قايسىسىنى تاللاشنى ئۆيى ئېلىنغۇچى ئۆزى بەلگىلەيدۇ، يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆي تۇرۇشلۇق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆي يىغىۋېلىشقا مەسئۇل تارمىقىنىڭ تۆلەم بېرىش شەكلى ياكى تۆلەم بېرىش ئۆلچىمىنى بېكىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى شۇ ئۆينىڭ جايلاشقان ئورنىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى، ئۆينىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى قاتارلىق كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھەر بىر ئۆينىڭ بازاردىكى ئوتتۇرىچە سودىلىشىش باھاسى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى قەرەللىك ھالدا ئېلان قىلىپ تۇرۇشى كېرەك، ھەمدە شۇ ئېلان قىلىنغان باھاسى بويىچە تۆلەم بېرىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. پۇل

ئارقىلىق تۆلەم بېرىشكە توغرا كەلسە، ئۆي ئالغۇچى بىلەن ئۆيى ئېلىنغۇچى تۆلەم سوممىسىنى كېڭىشىپ بېكىتسىمۇ بولىدۇ؛ ئۆي - زېمىن باھاسىنى باھالاش ئاپپاراتىنى بىرلىكتە تاللاپ، يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆيلەرگە باھا قويغۇزۇپ، تۆلەم سوممىسىنى بېكىتسىمۇ بولىدۇ، لېكىن بازاردىكى باھادىن تۆۋەن باھالاشقا بولمايدۇ، باھالاش ھەققىنى ئالغۇچى تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ. پۇل ئارقىلىق تۆلەم بەرگەندە، يىغىۋېلىشتا تۆلەم بېرىش، چېقىپ كۆچۈشتە تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىدە تۆلەم بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ئۇسۇلى، پۇل بېرىش ۋاقتى، كۆچۈش ۋاقتى، كۆچۈش ياردەم پۇلى ۋە كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىش مەسئۇلىيىتى، شۇنىڭدەك، ئالاقىدار تەرەپلەر كېلىشكەن باشقا ماددىلار بەلگىلىنىشى كېرەك؛ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلسا، يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىدە يەنە مۈلۈك ھوقۇقى ئالماشتۇرۇلغان ئۆينىڭ ئورنى، كۆلىمى، قۇرۇلمىسى، راسچوت باھا پەرقى ۋە ۋاقىتلىق كۆچۈپ تۇرۇش ئۇسۇلى، كۆچۈپ تۇرۇش مۆھلىتى ھەم ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى قاتارلىقلارمۇ بەلگىلىنىشى كېرەك.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۇەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى) نىڭ 19 -، 20 -، 21 - ماددىسى ( قىسقارتىلدى)

**53. يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى دېگەن نېمە؟**

يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى دېگىنىمىز، ئۆي ئالغۇچى بىلەن ئۆيى ئېلىنغۇچى ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تۆلەم بېرىش ئۇسۇلى، تۆلەم سوممىسى ۋە تۆلەم بېرىش مۆھلىتى، ئالماشتۇرۇلىدىغان ئۆينىڭ ئورنى ۋە كۆلىمى، كۆچۈش - چېقىش ھەققى، ۋاقىتلىق

ئولتۇرۇپ تۇرىدىغان ئۆي ۋە ۋاقىتلىق ئورۇنلىشىش ھەققى، ۋاقىتلىق ئورۇنلىشىش مۆھلىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك توختاشتىن كېلىپ چىققان زىيان، كۆچۈش مۆھلىتى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىق ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى باشقا ئىشلار ھەققىدە پۈتۈشكەن توختامنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يىغىۋېلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئالاقىدارلار ئۆتتۇرىسىدىكى ھەق تەلەپ ھوقۇقى بىلەن مەجبۇرىيىتى پۈتۈلگەن توختام بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىشىم تۈزگۈچى ئىككى تەرەپكە نىسبەتەن ئوخشاشلا قانۇنىي چەكلەش كۈچى بولىدۇ. ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ بۇ كېلىشىمنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە ياكى بىكار قىلىشىغا بولمايدۇ. تۆلەم ئېلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، يىغىۋېلىش تۆلىمى ئېلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، پۇل بىلەن تۆلەم بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولسا، يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنى تۆلەم سوممىسى، كۆچۈش مۆھلىتى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولسا، كېلىشىمدە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆينىڭ كۆلىمى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان جاي، كۆچۈش مۆھلىتى، كۆچۈشنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىلىدىكى ئالاقىدار ئىشلار يېزىلىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 25 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**54. يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ قىممىتى ياكى ئۆلچىمى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق بېكىتىلىدۇ؟**

يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ قىممىتى، شۇ ئۆينىڭ جايلاشقان ئورنى، ئىشلىتىلىش ئەھۋالى، قۇرۇلۇش كۆلىمى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن، ئۆينىڭ شۇ چاغدىكى ئۆي ـ زېمىن بازىرىدىكى باھاسىدىن تۆۋەن بولمىغان ئاساستا بېكىتىلگەن

قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ. «ئورنى» دېگەندە، شۇ ئۆينىڭ شەھەر ياكى رايون ئىچىدىكى جۇغراپىيەلىك ئورنى، ئىشلىتىشتىكى قولايلىقلىقى، مۇھىم جامائەت پائالىيەتلىرى سورۇنلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى، ئەتراپتىكى مۇھىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئورنى» شۇ ئۆي - زېمىنىنىڭ قىممىتىنى ۋە باھاسىنى بەلگىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. «ئىشلىتىلىشى» دېگىنىمىز، يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىدا كۆرسىتىلگەن ئىشلىتىلىش ئورنىنى يەنى ئولتۇراق ئۆيمۇ؟ دۇكانمۇ؟ دېگەننى كۆرسىتىدۇ. «قۇرۇلۇش كۆلىمى» بولسا شۇ ئۆينىڭ ئومۇمي كۆلىمىنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ ئىگىدارلىق قىلغۇچىسىغا پۇل بىلەن تۆلەم بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغاندا ئۆي - زېمىن بازىرىدىكى باھاسىنى ئاساس قىلىپ بېكىتىلسە ھەم ئادىل بولۇش، باراۋەر بولۇش، ئاشكارا بولۇش مەقسىتىگە يەتكىلى شۇنداقلا ئۆيى ئېلىنغۇچىلارنىڭ ئاڭلىق قوبۇل قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ يەنە بازار ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆيى ئېلىنغۇچىنىڭ ئەمەلىي زىيىنىنى توغرا، مۇۋاپىق تۆلەمگە ئېرىشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ياخشى چارىسىدۇر.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۇەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى) نىڭ 19 - ماددىسى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئېلىش ۋە يىغىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» (2010 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) نىڭ 3 - ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 55. يىغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش تارماقلىرىدىكى خادىملار خاتالىق ئۆتكۈزسە قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟

شەھەر - بازارلاردىكى شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يىغىۋېلىشنى باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملاردىن، ئۆي يىغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش

خىزمىتىنى بىجىرىش داۋامىدا، مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ۋەزىپە، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىسا، ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلەتسە، سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە، شەخسىيەتچىلىك قىلسا، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلەيدۇ، زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم بېرىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بولغان باش مەسئۇل خادىم ۋە بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار باشقا خادىملار قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 30 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 56. تۆلەم مەبلىغىگە قانۇنسىز چېقىلغانلار قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟

ئۆي يىغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان پۇلنى خىيانەت قىلغان، يۆتكەپ ئىشلەتىۋالغان، شەخسىي بۆلۈشىۋالغان، ئارىدىن تۇتۇپ قالغان ۋە ۋاقتىدا بەرمەي كېيىنگە سۆرىگەنلەر تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ ھەم ئالاقىدار پۇللار قايتۇرۇۋېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قىلغان قانۇنسىز تاپاۋىتى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ، مۇناسىۋەتلىك جاۋابكار ئورۇن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىدلىنىدۇ، ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ، زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغانلىرى تۆلەم بېرىش جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە ئۈستىگە ئالىدۇ، بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بولغان باشقا خادىملاردىن جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەنلەرگىمۇ قانۇن بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 33 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**57. ئۆي، يەر ـ مۈلۈكنى خاتا باھالىغانلار قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟**

ئۆي، يەر ـ مۈلۈك باھاسىنى باھالاش ئورگانلىرى ياكى ئۆي، يەر ـ مۈلۈك باھاسىنى باھالاش خادىملىرى ساختا ياكى زور خاتالىقى بولغان باھالاش دوكلاتىنى چىقارسا، گۇۋاھنامە تارقاتقان ئورگەن ئۇلارنى مۆھلەت ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئاگاھلاندۇرىدۇ ھەمدە ئۆي، يەر ـ مۈلۈك باھاسىنى باھالاش ئورگىنىغا 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئۆي، يەر ـ مۈلۈك باھاسىنى باھالاش خادىمىغا 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ، ھەمدە ئۇنى ئىناۋەت ئارخىپىغا سالىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى، رويخەتكە ئالدۇرۇش گۇۋاھنامىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغانلىرى تۆلەم بېرىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 34 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**58. شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىشتا بازار باھاسىنى ئاساس قىلىش قانداق بولىدۇ؟**

شەھەر ـ بازارلاردىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىشتىكى بازار باھاسىنى ئاساس قىلىش پىرىنسىپى پۇل ئارقىلىق تۆلەم بېرىلىدىغان ئۆيلەرگە قارىتىلغان ئۇسۇل بولۇپ، بۇنداق تۆلەم سوممىسىنى بېكىتىش ئۈچۈن، ئۆينىڭ جايلاشقان ئورنى، نىمگە

ئىشلىتىلىشى، قورۇلۇش كۆلىمى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن، ئۆزىگە تۇشلۇق بولغان ئۆي - زېمىن بازىرىدىكى باھادىن تۆۋەن بولماسلىق پرىنسىپى بويىچە باھاسىنى چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئۇ ئۆيى ئېلىنىدىغان كۆپ سانلىقلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1) باھا قويۇشتىكى مەقسەت، شەھەر - بازاردىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىشتا، يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ تولۇق سوممىسىنى ئادىل بېكىتىش ئۈچۈن ئۆينىڭ ئۆي - زېمىن بازىرىدىكى باھاسى باھالىنىدۇ، مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش ئۆي يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى قىلىنغان بولسا، ئالماشتۇرۇلىدىغان ئۆينىڭ ئۆي - زېمىن بازىرىدىكى باھاسىمۇ باھالىنىدۇ، شەھەر پىلانى سىرتىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى يەردە سېلىنغان ئۆينى يىغىۋېلىشتىمۇ ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسى باھالىنىشى كېرەك.

2) باھالاش سۇبيېكتى، يىغىۋېلىشتىكى باھالاشنى ئۆي - زېمىن باھاسىنى باھالاش سالاھىيىتىگە ئىگە باھالاش ئاپپاراتى ئۈستىگە ئالىدۇ. باھالاش دوكلاتىغا مەخسۇس روېخەتكە ئېلىنغان ئۆي - مۈلۈك باھالىغۇچى ئىمزا قويىدۇ. ئالاقىدار ئىككى تەرەپ باراۋەر، ئادىل بولۇش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، ئۆي - مۈلۈك باشقۇرۇش تارمىقى ئېلان قىلغان سالاھىيەت دەرىجىسى يۇقىرى، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك، جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئىناۋىتى بولغان باھالاش ئاپپاراتىغا باھالىتىشى كېرەك.

3) يىغىۋېلىشتىكى باھالاش ۋاقتى، بۇ ئادەتتە ئۆي يىغىۋېلىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىلغان كۈن بولىدۇ، يىغىۋېلىش كۆلىمى چوڭ بولۇپ، تۈركۈمگە، مۇددەتكە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلسە، بىرىنچى تۈركۈمدىكى يىغىۋېلىشقا تۇتۇش قىلغان كۈن باھالاش ۋاقتى قىلىنىدۇ.

4) يىغىۋېلىشتىكى باھالاش تەرتىپى، يىغىۋېلىشتىكى ئالاقىدار بىر تەرەپ باھالاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسىلا چېقىلىدىغان ئۆيىنى باھالاشقا بولىدۇ. باھالاش تەرتىپى ئادەتتە مۇنۇ باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، ئىلتىماس قىلغۇچى ياكى ھاۋالە قىلغۇچى باھا قويۇش ئاپپاراتى بىلەن يىغىۋېلىشتا باھا قويۇشنى ھاۋالە قىلىش يازما توختامى تۈزىدۇ، بۇ يەردىكى ھاۋالە قىلغۇچى ئۆي ئالغۇچى بولسىمۇ، ئۆيى ئېلىنغۇچى بولسىمۇ بولىدۇ. يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆيگە باھا قويۇشنى كېسىم ئورگىنى ياكى خەلق سوت مەھكىمىسى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ بولىدۇ. ئىككىنچى، باھا قويۇش مەشغۇلاتى، باھالىغۇچىلار ئۆينى ئەمەلىي تەكشۈرۈش، ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان ئۆي ـ زېمىن باھاسى بىلەن بازار باھاسىنى سېلىشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئالدى بىلەن بىر ئائىلىنىڭ ئۆيىگە قويۇلغان دەسلەپكى باھا يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ھەمدە ئۇنى ئۆيى ئېلىنغۇچىلارغا ئېلان قىلىپ نەق مەيداندا چۈشەندۈرۈشى، ئالاقىدارلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىشى كېرەك. ئېلان مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، باھا قويۇش ئاپپاراتى ھاۋالە قىلغۇچىغا ۋە ھەربىر ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى ئائىلىگە ھاۋالە قىلغان دائىرىدىكى چېقىلىدىغان بارلىق ئۆيلەرنىڭ ئومۇمىي باھا قويۇش دوكلاتى ۋە ھەربىر ئائىلىنىڭ باھا قويۇش دوكلاتىنى بېرىشى كېرەك. ئۈچىنچى، ئەگەر ئۆي ئالغۇچى ياكى ئۆيى ئېلىنغۇچىلاردىن باھا قويۇش دوكلاتىغا باشقىچە پىكرى بولسا، باھا قويۇش ئاپپاراتىدىن مەسلىھەت سورىسا بولىدۇ، شۇنداقلا ئەسلىي باھا قويغان ئاپپاراتتىن قويۇلغان باھانى قايتا تەكشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. قايتا باھا قويۇش نەتىجىسىگە قارىتا باشقىچە پىكرى بولغان تەرەپ قانۇندىكى سۈرۈك ئىچىدە چېقىلىدىغان ئۆي تۇرۇشلۇق جايدىكى ئۆي ـ مۈلۈككە باھا قويىدىغان مۇتەخەسسىسلەر ھەيئىتىگە تېخنىكىلىق بېكىتىپ

بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەنىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى) نىڭ 19 - ، 20 - ماددىلىرى، «شەھەرلەردىكى چېقىلىدىغان ئۆيگە باھا قويۇش يېتەكچىلىك پىكرى» (2003 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) (قىسقارتىلدى)

## 59. يىغىۋېلىش تۆلىمى «ئۆي» دىن كىرىدىغان كىرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟

شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىشنىڭ دائىرىسى يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆيدىن قانۇنلۇق ئېرىشىدىغان بارلىق كىرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر تۈردىكى قانۇنلۇق كىرىمدىن ئۆي ئىگىدارى بەھرىمەن بولسىمۇ، ئىجارە ئالغۇچى بەھرىمەن بولسىمۇ شۇنداقلا، ھۆددە ئالغۇچى، گۆرۈ ھوقۇقى ئىگىسى بەھرىمەن بولسىمۇ بولىدۇ. قانۇنلۇق كىرىم تىجارەت خاراكتېرلىك كىرىم، تىجارەت تۈسىنى ئالمىغان كىرىم، باشقۇرۇش كىرىمى قاتارلىق كۆپ تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش دائىرىسى ئاساسلىقى مۇنۇلار:

1) ئىجارە كىرىمى بۇ دېگىنىمىز، ئىجارە بېرىلگەن ئۆيلەرنى يىغىۋېلىشتا، ئۆيى ئېلىنغۇچى بىلەن ئۆي ئىجارە ئالغۇچى ئىجارە مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلغان ياكى ئۆيى ئېلىنغۇچى ئىجارە ئالغۇچىنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، ئۆي ئالغۇچى ئۆيى ئېلىنغۇچىغا مۇناسىپ ئىجارە تۆلىمى بېرىدۇ. ئىجارە ئالغۇچى ئىجارە بەرگۈچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن چېقىلىدىغان ئۆينى ئۈچىنچى بىر كىشىگە يۇقىرى باھادا ئىجارە بەرگەن بولسا، ئېرىشىدىغان ئىجارە پۇلىنىڭ كىرىم پەرقىمۇ يىغىۋېلىش كىرىمىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ.

2) كەلگۈسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كىرىمى ۋە باشقۇرۇش كىرىمى بۇ دېگىنىمىز، ئۆي چېقىلغاندىن كېيىن ئۆي ئىشلەتكۈچىنىڭ بۇ ئۆيدىن پايدىلىنىپ ئېرىشىدىغان قانۇنلۇق

ئىشلەپچىقىرىش كىرىمى ۋە تىجارەت كىرىمىمۇ تەڭ يوقىلىدۇ، شۇڭا، ئۆي ئالغۇچى ئۆينى ئىشلەتكۈچىنىڭ كەلگۈسى كىرىمىدىن مەھرۇم بولغانلىقىغا تۆلەم بېرىدۇ. تۆلەم سوممىسى ئۆي ئالغۇچى بىلەن ئۆيى ئېلىنغۇچى ۋە باشقا ئۆي ئىشلەتكۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئادىل، مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە بېكىتىلىدۇ.

3) باشقا خىراجەت، بۇ دېگىنىمىز، ئۆيى ئېلىنغۇچى كۆچۈش جەريانىدا سەرپ قىلغان خىراجەتنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ خىراجەتنىمۇ ئۆي ئالغۇچى تەرەپ مۇۋاپىق تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ كۆچۈش جەريانىغا سەرپ بولىدىغان خىراجەت، كۆچۈپ تۇرۇش مۆھلىتى ئىچىدە ئۆيى ئېلىنغۇچى ياكى ئۆي ئىجارە ئالغۇچى ئۆزى ۋاقىتلىق ئىجارە ئۆي تاپقان بولسا، ئۆي ئالغۇچى تەرەپ بۇ ۋاقىتلىق ئورۇنلىشىش ياردەم پۇلىنى بېرىدۇ. ئالغۇچى تەرەپ تەمىنلىگەن ئوبوروت ئۆينى ئىشلەتكەن بولسا، ئورۇنلىشىش پۇلى بېرىلمەيدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 22 ـ، 23 ـ، 25 ـ ماددىلىرى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئېلىش ۋە يىغىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» (2010 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى) نىڭ 3 ـ، 4 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

### 60. مۈلۈك ئىگىدارلىق ھوقۇقى چەكلىك بولغان ئۆيلەرگە يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىلەمدۇ؟

مۈلۈك ئىگىدارلىق ھوقۇقى چەكلىك بولغان ئۆي يەنە قىسمەن مۈلۈك ھوقۇقى بولغان ئۆي دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ چەكلىك مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە بولغۇچىنىڭ ھۆكۈمەت ياكى كارخانا، كەسپىي ئورۇننىڭ تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ ئۆي سېتىۋېلىشى ياكى سالغان ئۆينىڭ تولۇق بولمىغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بازار باھاسى، تەننەرخ باھاسى، ئۆلچەملىك باھا

بويىچە سېتىۋېلىشتەك شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا يېغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتىمۇ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىدۇ:

1) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىدارىنىڭ ھۆكۈمەت ئۆيىنى بازار باھاسى بويىچە سېتىۋالغان بولسا، مۈلۈك ھوقۇقى شەخسنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ. بۇنداق ئۆيلەر چېقىلماقچى بولغاندا، ئۆينىڭ ئىگىدارى ئۇنى تولۇق بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ۋە چېقىلغان ئۆينىڭ بارلىق تۆلەم پۇلىغا ئېرىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

2) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىدارىنىڭ ھۆكۈمەت ئۆيىنى تەننەرخ باھاسى بويىچە سېتىۋالغان بولسا، مۈلۈك ھوقۇقى شەخسكە تەۋە بولىدۇ، ئادەتتە بۇنداق ئۆيدە بەش يىل ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى قانۇن بويىچە بازارغا سالسا بولىدۇ. يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش پۇلى تەركىبىدىكى يەر كىرىمى ۋە ئالاقىدار باجنى تولۇقلاپ تاپشۇرغاندىن كېيىنكى كىرىم شەخسنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ. يېغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتىمۇ مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ. ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقى ئالماشتۇرۇلغان بولسا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر داۋاملىق چەكلىك مۈلۈك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. پۇل بىلەن تۆلەم بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولسا، سېتىۋېلىنغىنىغا بەش يىل توشقان ئۆيلەرنىڭ تۆلەم بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بەش يىل توشمىغان ئۆيلەرنىڭ تۆلەم پۇلى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئۆي سېتىۋالغان تەننەرخ ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئىدارە بىلەن شەخس ئۈلۈش بويىچە ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىدۇ. بۇ ھوقۇقنى ئىدارە تەشەببۇس قىلمىسا، شەخسنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ.

3) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆينى ئۆلچەملىك باھا بويىچە سېتىۋالغان بولسا، قىسمەن مۈلۈك ھوقۇقىنى يەنى، ئىگىلەش، ئىشلىتىش، چەكلىك مەنپەئەتلىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش

ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇنداق ئۆيلەرنى مىراس قالدۇرۇشقا، بەش يىل ئولتۇرغاندىن كېيىن بازارغا سېلىشقا بولىدۇ. چېقىلغاندا مۈلۈك ھوقۇقى ئالماشتۇرۇلغان ئۆيلەر ئۈستىدە تالاش - تارتىش چوڭ بولمايدۇ، لېكىن پۇل بىلەن تۆلەم بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغاندا، بۇ تولۇقلىما پۇل پۇل بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆي سېتىۋالغان ئۆلچەملىك باھا ئوتتۇرىسىدىن ئاشقان كىرىم مۈلۈك ھوقۇقى نىسبىتى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى بىلەن ئىدارە ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى) نىڭ 24 - ماددىسى، گوۋۇيۈەننىڭ «شەھەر - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» (1994 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى) (قىسقارتىلدى)

## 61. ئۆيى ئېلىنغۇچىلار تاللىغان تۆلەم شەكلىگە ئۆي ئالغۇچى قوشۇلمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆي يىغىۋېلىش ھەرىكىتىدە، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى بىلەن ئۆي ئالغۇچى تەرەپنىڭ قانۇندىكى ئورنى باراۋەر بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى يىغىۋېلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى كېڭىشىش باراۋەر ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كېڭىشىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۆي ئالغۇچى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىنىڭ تۆلەم ئېلىش شەكلى ھەققىدىكى پىكرىگە قوشۇلمىسا، قانۇنىي ئاقىۋەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يىغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى ھاسىل قىلىنمايدۇ. قانۇنسىز ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ئۆيى چېقىلىدىغانلارنى كۆچۈشكە مەجبۇرلاپ، زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، قانۇن بويىچە تۆلەم بېرىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بولغان باش مەسئۇل كىشى ۋە بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار باشقا خادىملاردىن جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جاۋابكارلىقى قانۇن

بويىچە سوررۇشتۇرۇلىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۇرمىگەنلەرگە قانۇن بويىچە جازا بېرىلىدۇ، ئامانلىق باشقۇرۇش نىزامىغا خىلاپ قىلمىش شەكىللەندۇرگەنلەرگە ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» (1986 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) نىڭ 10 ـ ماددىسى، گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 31 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 62. ئۆي ئالغۇچى ئۆينى يىغىۋېلىشتا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆينى مۆھلەت ئىچىدە تاپشۇرمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۆي ئالغۇچى تەرەپ ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىلار بىلەن كېلىشىم تۈزگەندىن كېيىن، كېلىشىمدە پۈتۈشكەن پۈتۈم بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆينى مۇددەت ئىچىدە ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىغا تاپشۇرۇشى كېرەك. ئەگەر كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، نىشاندىكى ئۆينى تاپشۇرۇشنى كېچىكتۈرسە توختامغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇپ، خىلاپلىق قىلغۇچى نىشاندىكى نەرسىنى تاپشۇرۇشنى كېچىكتۈرگەنلىك جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەيدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى» (1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى) نىڭ 63 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 63. مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش دېگەن نېمە؟

مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش دېگىنىمىز، ئۆي ئالغۇچىنىڭ ئۆزى سالغان ئۆي ياكى مۈلۈك ھوقۇقىنى سېتىۋالغان ئۆي بىلەن چېقىلىدىغان ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقىغا ئالماشتۇرۇشى ھەمدە چېقىلىدىغان ئۆينىڭ قويۇلغان باھاسى بىلەن ئالماشتۇرۇلغان ئۆينىڭ بازار باھاسىنى ھېسابلاپ، پەرقلىق باھانى تەڭشەش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، باشقا يەردە ياكى ئەسلىدىكى يەردە قايتا سېلىنغان ئۆي بىلەن چېقىلغان

ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى چىقىلغان ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت. مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش ئۆي يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۆي ئالغۇچىنىڭ ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىغا بېرىدىغان تۆلىمى ئەمەلىي نەرسە شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ، بۇنىڭدا تۇرالغۇ ئۆي ياكى تۇرالغۇ بولمىغان ئۆي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، شۇنداقلا، بۇ خىل ئۇسۇلنى پۈتۈشۈشنى تەرەپلەر كېڭىشىپ، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىنىڭ تاللىشىنى ئاساس قىلىپ پۈتۈشىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 21 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 64. مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرىدىغان ئۆينىڭ كۆلىمى قانداق ھېسابلىنىدۇ؟

يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش توختامى ئۆي ئالغۇچى بىلەن ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى ئىككى تەرەپ يىغىۋېلىشتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تۆلەم بېرىش قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا تۈزۈشكەن ھەق تەلەپكە دائىر قانۇنىي مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىككى تەرەپ يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش توختامىدىكى بەلگىلىمىگە قەتئىي ئەمەل قىلغان ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. يىغىۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بەزىدە ئۆي ئالغۇچى تەرەپ تۈرلۈك سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئۆينىڭ كۆلىمىنى توختامدا بەلگىلەنگەندىكىدىن كىچىك قىلىپ قويۇشتەك ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن تۈرلۈك تالاش ـ تارتىش

ماجىرالىرىمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ روشەن ھالدىكى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىگە چېقىلغانلىق بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋاللار كۆرۈلگەندە، ئۆي ئالغۇچى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىغا ئەسلىدىكى يىغىۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش توختامىدا بەلگىلەنگەن كۆلەمدىكىگە باراۋەر كېلىدىغان ئۆينى بېرىشى كېرەك. لېكىن كىچىكلىتىۋېتىلگەن كۆلەم پەرقى قانۇندا بەلگىلەنگەن نورمال، مۇۋاپىق پەرق دائىرىسىدە بولسا ئۆي ئالغۇچى تەرەپنى توختامغا خىلاپلىق قىلدى دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تاۋار ئۆي سودىسى توختامغا دائىر ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا قانۇننى تەدبىقلاشقا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئىزاھاتى» (2003 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى) نىڭ 14 - ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## 65. يىغىۋېلىش دائىرىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن كۆپەيتكەن ئۆيلەرگە تۆلەم بېرىلەمدۇ؟

يىغىۋېلىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بەزى ئۆي ئىگىلىرىدە ئۆي يىغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىلىدە، كۆپرەك تۆلەم ئېلىش مەقسىتىدە، ئەسلىدىكى چېقىپ كۆچۈرۈلۈشكە تېگىشلىك ئۆيلىرىنى يېڭىدىن سېلىش، كېڭەيتىپ سېلىش، ئۆزگەرتىپ سېلىش ۋە ئۆينىڭ ئىشلىتىلىش خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئالاقىدار باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ پىلان، لايىھەسىگە ئاساسەن چىقارغان چېقىپ كۆچۈرۈش دائىرىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن ۋە بۇ ھەقتىكى ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يېڭىدىن سېلىش، كېڭەيتىپ سېلىش، ئۆزگەرتىپ سېلىش ۋە ئىشلىتىش خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشتەك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىگە بىردەك رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنىنى بىلىپ تۇرۇپ، نامۇۋاپىق پايدىنى كۆزلەپ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سېلىنغان، كۆپەيتىلگەن قۇرۇلۇشلارغا

بىر دەك تۆلەم بېرىلمەيدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» (2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نىڭ 16 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**66. ۋارىسلىق قىلغان، ھەدىيە قىلىنغان ئۆي چېقىلماقچى بولسا تۆلەمنى كىم ئېلىش كېرەك؟**

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋارىسلىق قىلىش، ھەدىيە قىلىش ھەرىكىتى ھەق تەلەپ قانۇنى تەرتىپلىرى بويىچە تولۇق كۈچكە ئىگە بولغان ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، ۋارىسلىق قىلغان، ھەدىيە قىلىنغان ئۆي چېقىلماقچى بولغاندا، ئۆي ئالغۇچى ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ۋارىسلىق قىلغۇچى، ھەدىيەنى قوبۇل قىلغۇچىغا ئوخشاش تۆلەم بېرىلىدۇ. ئەگەر ۋارىسلىق ھوقۇقى ۋە ھەدىيەنى قوبۇل قىلىش ھەرىكىتى قانۇنى كۈچكە ئىگە بولمىسا، ئۇلار ئىگىدارلىق قىلغۇچى بولالمايدۇ، شۇنداقلا ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى بولالمايدۇ، تۆلەمگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) نىڭ 29 ـ ماددىسى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» (1986 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) نىڭ 76 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**67. تاۋار ئۆي رايونىدىكى يۈرۈشلۈك ئىمارەت چېقىلسا يىغىۋېلىش تۆلىمىدىن كىم مەنپەئەتلىنىدۇ؟**

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، تاۋار ئۆي تۇرالغۇ رايونىدىكى يۈرۈشلۈك ئىمارەت، يېشىللىقلار، يوللار ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، لېكىن شەھەر ـ بازارلاردىكى جامائەت يولى، جامائەت يېشىللىقلىرى ھېسابلىنىدىغانلىرى ياكى شەخسلەرگە تەۋە يېشىللىق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا، ئۆي ـ ئىمارەت رايونىدىكى باشقا جامائەت سورۇنى، جامائەت ئەسلىھەسى ۋە غوجىلىق

مۇلازىمەت ئۆيى قاتارلىقلارمۇ ئۆي ئىگىدارلىرىنىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، تاۋار ئۆي تۇرالغۇ رايونىدىكى ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنى، گاراژلارنى ئىشلىتىشتە، ئالدى بىلەن ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ، بۇ ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنى، گاراژلارنىڭ تەۋەلىكىنى ئالاقىدارلار سېتىپ بېرىش، ئىجارە بېرىش ياكى قېتىپ بېرىش ئۇسۇللىرى بىلەن پۈتۈشىدۇ، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدىكى يول، مەيدان ۋە باشقا يەرلەرنى ئىگىلىگەن ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنى ئۆي ئىگىدارلىرىنىڭ ئورتاق ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ. شۇڭا باشقىچە پۈتۈم بارلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تاۋار ئۆي تۇرالغۇ رايونىدىكى يۇرۇشلۇق ئىمارەتلەر چىقىملىسا، ئورتاق ئۆي ئىگىدارلىرى چىقىش تۆلەم بېرىدىن ئۆلۈشى بويىچە مەنپەئەتلىنىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» (2007 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) نىڭ 73 ـ، 74 ـ ماددىلىرى (قىسقارتىلدى)

**68. ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆيىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى مۆھلەت ئىچىدە ئالالمىغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟**

ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى ئۆي ـ مۈلۈك ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە تۆلەم ئېلىشنى تاللىغان يىغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىدە، ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆيىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى بېجىرىش مەزمۇنىنىمۇ پۈتۈشۈش ۋە كېلىشىمگە كىرگۈزۈش كېرەك. تۈزۈلگەن ۋە كۈچكە ئىگە بولغان كېلىشىمدىكى مەجبۇرىيەتنى ھەر ئىككى تەرەپ ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى كېرەك. توختامدا بەلگىلەنمىگەن تەقدىردىمۇ، مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى بېجىرىش ئۆي ئالغۇچى تەرەپنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇشى ۋە بۇ مەجبۇرىيەتنى ئالغۇچى تەرەپ ئۈستىگە ئېلىپ بېجىرىپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆيىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى مۆھلەت ئىچىدە قولىغا ئالالمىسا، ئالاقىدار

يىغنۇپلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تارمىقىغا ئىلتىماس قىلسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى» 1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى) نىڭ 60 ـ ماددىسى (قىسقارتىلدى)

**69. خەلق سوت مەھكىمىسى يىغنۇپلىش تۆلەم ماجىرا دېلولىرىنى قانداق قوبۇل قىلىدۇ؟**

پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار خەلق ھۆكۈمىتى ياكى شەھەردىكى ئۆي ـ زېمىن باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇرىي ئورگانلار خىزمەت ھوقۇقىغا ئاساسەن چىقارغان ئۆي يىغنۇپلىش، تۆلەم بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە چىقارغان قارارغا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ، خەلق سوت مەھكىمىسى بۇنى مەمۇرىي دېلو قاتارىدا قوبۇل قىلىدۇ. ئۆي ئالغۇچىلار بىلەن ئۆيدىن كۆچۈرۈلگۈچى، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۆينىڭ تۆلەم ھەققى، ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە تالاش ـ تارتىش كۆرۈلسە ياكى دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ ياكى ھەر ئىككى تەرەپ يېنىۋېلىپ، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ كېسىم قىلىشىغا قارىمايلا ئۆينىڭ تۆلەم ھەققى، ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە قانۇن بويىچە دەۋا قىلغان بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسى بۇنى ھەق تەلەپ دېلوسى قاتارىدا قوبۇل قىلىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ يىغنۇپلىش، تۆلەم بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئائىت دېلولارنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەستىق جاۋابى» (1996 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى)

**70. كېلىشىم تۈزمەي ئىجارە ئولتۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەت ئۆيى چېقىلماقچى بولسا، ئىجارە ئولتۇرغانلار قانداق قىلىشى كېرەك؟**

دۆلىتىمىزنىڭ ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملىرىدىكى

بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمەت ئۆيلىرىدە ئىجارە كېلىشىمى تۈزمەي ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقانلار ئىچىدە تۆۋەندىكىدەك تەركىبلەر بار: بىرىنچى، گەرچە ئىجارە كېلىشىمى تۈزمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىجارە پۇلى تاپشۇرۇۋاتقانلار؛ ئىككىنچى، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەم ئىجارە كېلىشىمى تۈزمىگەن، ھەم ئىجارە پۇلى تاپشۇرمىغانلار، ھەم بۇلاردىن ئىككى تەرەپنىڭ باشقىچە پىكرى بولمىغانلار؛ ئۈچىنچى، ئۆي ئىگىسى ئىجارە مۇناسىۋىتى توغرىسىدا باشقىچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، لېكىن خەلق سوت مەھكىمىسى ئەسلىدىكى تۇرالغۇ مۇناسىۋىتىنى يەنىلا كۈچكە ئىگە قىلىش ھەققىدە ھۆكۈم قىلغانلار. يۇقىرىقىلار ئۆزلىرى ئولتۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەت ئۆيلىرى چېقىلغاندا، ئۆي ئىسلاھاتى سىياسىتى بويىچە ئۆي سېتىۋېلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئەگەر شەخسلەر ئۆزلىرى ئىجارە ئالغان ئۆينى سېتىۋالغان بولسا، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى سۈپىتىدە تۆلەمگە ئېرىشىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۆينى سېتىۋالمىغان بولسا، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى تەرەپ بىلەن بولغان ئىجارە مۇناسىۋىتى بىكار قىلىنمايدۇ ۋە ئۆي ئالغۇچى تەرەپ مۈلۈك ھوقۇقىنى تەڭشەپ بېرىدۇ. مۈلۈك ھوقۇقى تەڭشەلگەن ئۆينى ئىجارە ئولتۇرغانلار داۋاملىق ئىجارە ئالسا بولىدۇ.

**قانۇن ئاساسى:** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى» 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى) نىڭ 212 - ماددىسى (قىسقارتىلدى)

## تۆتىنچى، ئۇنىۋېرسال ساۋات

**71. چېقىلىدىغان ئۆي ئىگىسىنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈشكە بولامدۇ؟**

مەجبۇرىي چېقىپ كۆچۈرۈش دېگىنىمىز، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى ياكى ئۆينى ئىجارە ئالغۇچى چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان يىغىۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىدە بەلگىلەنگەن كۆچۈش مەجبۇرىيىتىنى سەۋەبسىز ئادا قىلمىغاندا، ئۆي ئالغۇچى كېسىم قىلىش ياكى ئالاقىدار مەمۇرىي ئورگاننىڭ كېسىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش، دەۋا قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق چېقىش ھەرىكىتىنى قانۇن جەھەتتە مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە قىلىپ، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىنى كۆچۈش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا مەجبۇرلاش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلىدۇ:

1) ئۆي ئالغۇچى بىلەن ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى ياكى ئۆي ئىجارە ئالغۇچى كېسىم كېلىشىمى ھاسىل قىلغان، كېسىم ئورگىنى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىنى كۆچۈش كېرەك دەپ كېسىم قىلغاندا، ئۆي ئالغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە كېسىم ئورگىنى چىقارغان كېسىمنى ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

2) ئۆي ئالغۇچىنىڭ دەۋاسىغا ئاساسەن خەلق سوت مەھكىمىسى چىقارغان ھۆكۈم قارارى ۋە قانۇن يۈرگۈزۈش تەرتىپى ئارقىلىق مەجبۇرىي كۆچۈرۈشكە بولىدۇ.

3) ئۆي ئالغۇچى ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى مەمۇرىي ئورگانغا مەجبۇرىي كۆچۈشكە كېسىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان، كېسىم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى

ياكى ئۆينى ئىجارە ئالغۇچى كېسىمدە بەلگىلەنگەن كۆچۈش مۆھلىتى ئىچىدە كۆچمىگەن بولسا ئالغۇچى ئالاقىدار مەمۇرىي ئورگانغا مەجبۇرىي يىغىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

**72. ھۆكۈمەت ئۆيى دېگەن نېمە؟**

ھۆكۈمەت ئۆيى دېگىنىمىز، دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار مەبلەغ سېلىپ سالغان، ساتقان تۇرالغۇ ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق تۇرالغۇ ئۆيلەر سېتىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. نۆۋەتتە ئاھالىلەر ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەت ئۆيلىرى ئۆي ئىسلاھاتى سىياسىتى بويىچە ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ، بىرى، ساتقىلى بولىدىغان ھۆكۈمەت ئۆيى. يەنە بىرى، ساتقىلى بولمايدىغان ھۆكۈمەت ئۆيى. بۇ ئۆيلەر بىردەك ئىشلىتىش ھوقۇقى بولغان ئۆي بولۇپ، ئۇ دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە دۆلەت كارخانىلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ۋە بەلگىلىمە بويىچە ئىجارە پۇلى ئېلىش ئارقىلىق ئاھالىلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىلگەن ئۆيلەردۇر.

**73. ھۆكۈمەت ۋاكالىتەن باشقۇرۇۋاتقان ئۆي دېگەن نېمە؟**

ھۆكۈمەت ۋاكالىتەن باشقۇرۇۋاتقان ئۆي دېگىنىمىز، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار قاتارلىقلارنىڭ ھۆكۈمەت قانۇن بويىچە ۋاكالىتەن باشقۇرۇۋاتقان ئۆيلىرى ھەمدە ئەسلىدىكى گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي خادىملىرى چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى قالدۇرۇپ قويغان ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئۆيلەرنى چېقىپ كۆچۈرۈش تۆلىمى بېرىش كېلىشىمىنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورگىنىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش ھەمدە دەلىل - ئىسپاتنى ئامان ساقلاش رەسمىيىتى بېجىرىلىدۇ.

### 74. ئىسلاھات ئۆيى دېگەن نېمە؟

ئىسلاھات ئۆيى دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىغا بەرگەن تۇرالغۇ ئۆي ئىستېمال مەبلىغىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان بىر خىل تولۇقلىمىسى بولۇپ، تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمىنى تاۋارلاشتۇرۇشنىڭ ئۆتكۈنچى شەكلىدىن ئىبارەت. بۇ خىلدىكى ئۆيلەرنىڭ باھاسى بازاردىكى تەلەپ بىلەن ئېھتىياجنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خاراكتېرىگە بولغان تۇرالغۇ ئۆي تەمىنلەش سىستېمىسى بەرپا قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدىغان بولۇپ، ئۆلچەملىك باھا ياكى تەننەرخ باھاسى بويىچە سېتىلىدۇ. بىرىنچىدىن، ئىسلاھات ئۆيىنى سېتىش نىشانى چەكلىك بولىدۇ. ئىككىنچى، ئۆي ئىسلاھاتى بويىچە سېتىلىدىغان ئۆيىنىڭ كۆلىمى تۈزۈم جەھەتتىن تىزگىنلىنىدۇ. ئۈچىنچى، بۇ خىلدىكى ئۆيىنى سېتىۋېلىشتا مۇئەييەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بولىدۇ. تۆتىنچى، ئۆي ئىسلاھاتى بويىچە ساتقان ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، بازارغا سېلىپ سېتىشتا، مۇئەييەن چەكلىمە بولىدۇ.

### 75. تاۋار ئۆي دېگەن نېمە؟

تاۋار ئۆي دېگىنىمىز، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى ۋە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار تەستىقلىتىش ئارقىلىق بازاردا سېتىش ئۈچۈن سالغان ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى ئۆيلەر سېتىش نىشانىغا ئاساسەن، ئىچكى قىسىمدا سېتىلىدىغان تاۋار ئۆي ۋە سىرتقا سېتىلىدىغان تاۋار ئۆي دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئىچكى قىسىمدا سېتىلىدىغان تاۋار ئۆي ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىسى يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش شەكلى ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىپ،

پوتكەندىن كېيىن دۆلەت تەۋەلىكى ئىچىگە سېتىلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي، سودىغا ئىشلىتىلىدىغان تاۋار ئۆي ۋە باشقا ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ. سىرتقا سېتىلىدىغان تۇۋار ئۆي بولسا، ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىسى ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى مەبلەغ خىزمىتىگە مەسئۇل تارمىقىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارمىقىغا يوللاپ رەسمىي تۇر پىلانىغا كىرگۈزگەن. پۇتكەندىن كېيىن ئاساسەن چېگرا سىرتىدىكى كارخانا، تەشكىلات ۋە شەخسلەرگە ساتىدىغان تۇرالغۇ ئۆي، سودىغا ئىشلىتىلىدىغان تاۋار ئۆي ۋە باشقا ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ.

### 76. يىغىۋېلىش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆي دېگەن نېمە؟

يىغىۋېلىش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆي دېگىنىمىز، شەھەر پىلانلاش، يەر ئېچىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن يىغىۋېلىش ئېلىپ بارغاندا، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى ياكى ئۆي ئىجارە ئالغۇچىنىڭ تۇرالغۇ ئورنىدا ئىشلىتىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلگەن ئۆينى كۆرسىتىدۇ. يىغىۋېلىش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆي ئادەتتە ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرى، شەھەر مەمۇرىيىتىگە دائىر چوڭ قۇرۇلۇشلار سەۋەبىدىن، كۆچكەن ئاھالىلەرگە سېلىنغان يۇرۇشلەشكەن تاۋار ئۆي ياكى سېتىۋېلىشقا تەقسىملەنگەن ئوتتۇراھال تۆۋەن باھالىق تاۋار ئۆي. ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئورۇنلاشتۇرۇلغۇچى بۇ خىل يۇرۇشلەشكەن تاۋار ئۆيگە ئېرىشكەندە، ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقى شەخسنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، لېكىن ئۇنى ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بەش يىل ئىچىدە بازارغا سېلىشقا بولمايدۇ. يەنە بىرى، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن چىقىلغان، ئالغۇچى تەرەپ باشقا يوللار ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرغان ياكى ئورۇنلاشتۇرغۇچىغا ۋاكالىتەن سېتىۋالغان ئوتتۇرا، تۆۋەن

باھالىق تاۋار ئۆيدىن ئىبارەت. بۇ خىلدىكى ئۆيلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغۇچىنىڭ خۇسۇسىي مال ـ مۈلكى بولىدۇ، ئۆتۈنۈپ بېرىش، بازارغا سېلىش جەھەتلەردە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

**77. چەكلىك مۈلۈك ھوقۇقى بولغان ئۆي دېگەن نېمە؟**

چەكلىك مۈلۈك ھوقۇقى بولغان ئۆي، ئۆينىڭ بىر قىسىم مۈلۈك ھوقۇقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ شەھەر ـ بازارلىرىدىكى تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ تەدرىجىي ھالدا تۇرالغۇ ئۆينى تاۋارلاشتۇرۇشقا ئۆتۈش جەريانىدا پەيدا بولغان ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقى شەكلىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقى بولغان ئورۇن تولۇقلىما بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆينى ئۆلچەملىك باھا ياكى تەننەرخ باھاسى بويىچە پۇقرالارغا سېتىپ بېرىدىغان، پۇقرالارنىڭ بۇ ئۆيگە بولغان قىسمەن ھوقۇقىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چەكلىك مۈلۈك ھوقۇقى تولۇق مۈلۈك ھوقۇقىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، تولۇق مۈلۈك ھوقۇقى دېگىنىمىز، تۇرالغۇ ئۆي سېتىۋالغۇچىنىڭ شۇ ئۆيگە قارىتا تولۇق ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىگىلەش، ئىشلىتىش، مەنپەئەتلىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆينىڭ چەكلىك مۈلۈك ھوقۇقى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىنچى، چەكلىك مۈلۈك ھوقۇقى بىر خىل تولۇق بولمىغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى بولۇپ، ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىكى بىر قىسىم ھوقۇق چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ئىككىنچى، چەكلىك مۈلۈك ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغۇچىنىڭ ئۆينىڭ مۈلۈك ئىگىسى بىلەن مۈلۈك ھوقۇقىنى ئورتاق تەشەببۇس قىلىشقا بولمايدۇ. ئۈچىنچى، مۈلۈك ھوقۇقى ئىگىسى چەكلىك مۈلۈك ھوقۇقىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئالدىن بەھرىمەن بولۇش

ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. بۇ ئالدىن سېتىۋېلىش، ئالدىن ئىجارە ئېلىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**78. ئۆينى ئالدىن سېتىۋېلىش ھوقۇقى دېگەن نېمە؟**

ئۆينى ئالدىن سېتىۋېلىش ھوقۇقى دېگىنىمىز، ئوخشاش شەرت ئاستىدا، مەلۇم بىر ئۆينى باشقىلاردىن ئاۋۋال سېتىۋېلىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئورتاق ئىگىدارچىلىقتىكى ئۆينى ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ياكى ئىجارە ئولتۇرغۇچى ئاۋۋال سېتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە، لېكىن ئالدىن سېتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە كىشىنىڭ قويغان باھاسىنىڭ 3 ـ كىشىنىڭ قويغان باھاسىدىن تۆۋەن بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، شۇنداقلا، ئۆي ئىگىدارىنى ئۆينى سېتىشقا زورلىشىغا ياكى سېتىشتىن باشقا قانۇنلۇق ئۇسۇل بىلەن ئۆتۈنۈپ بېرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**79. قائىدىگە خىلاپ سېلىنغان قۇرۇلۇش دېگەن نېمە؟**

قائىدىگە خىلاپ سېلىنغان قۇرۇلۇش دېگىنىمىز، پۇقرالار، قانۇني ئىگىلەر قانۇندىكي ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، قائىدىگە خىلاپ ھالدا سالغان قۇرۇلۇش ۋە قۇرۇلمىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئۇلار ئۆز ئالدىغا خالىغانچە سېلىنىۋالغان كەپە، يايما ئورنى، ئاددىي ئۆي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.بۇنداق قائىدىگە خىلاپ سېلىنغان قۇرۇلۇشلار قانۇن تەرىپىدىن قوغدالمايدۇ، ئۇنىڭغا ئالاقىدارلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ ۋە مۈلۈك ھوقۇقىمۇ تىزىملانمايدۇ. بىراق، قائىدىگە خىلاپ سېلىنغان قۇرۇلۇشلار يەنىلا بىر خىل نەرسە بولغانلىقتىن، ئالاقىدار مەسئۇل تارماق ئۇنى چېقىشتىن بۇرۇن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئىگىلەپ تۇرۇش، ۋاقىتلىق ئىشلىتىش قاتارلىق ھوقۇقلاردىن

بەھرىمەن بولىدۇ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلىرى بېجىرىلىپ، قانۇن تەرتىپلىرىدىن ئۆتكۈزۈلسە، قانۇنلۇق قۇرۇلۇشلار قاتارىدا ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**80. شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش دېگەن نېمە؟**

شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش دېگىنىمىز، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن قۇرۇلۇش پىلانىدىكى تەلەپلەر ۋە ھۆكۈمەت تەستىقلىغان يەر ئىشلىتىش ھۆججىتىگە ئاساسەن، يىغىۋېلىش ئىجازەتنامىسى ئېلىپ، قانۇن بويىچە شەھەر پىلانى ئىچىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى يەر ئۈستىدىكى ئۆي ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنى چېقىپ، چېقىلغان ئۆينىڭ ئىگىدارى ياكى ئىشلەتكۈچىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەمدە چېقىلغان ئۆينىڭ ئىگىدارى ياكى ئىشلەتكۈچىسىگە ئىقتىسادىي تۆلەم بېرىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە شەھەرلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى جەريانىدا مۇقەررەر ھالدا كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشكە، كونا ئۆيلەرنى چېقىپ كۆچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ كەڭ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە، شەھەر قۇرۇلۇشى ئومۇمىي پىلانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ۋە شەھەر ئىقتىدارىنىڭ كۈچەيتىلىشىگە چېتىلىدىغان مۇھىم قانۇنىي مەمۇرىي ھەرىكەت بولغاچقا، كەڭ شەھەر ئاھالىلىرى، بولۇپمۇ ئۆيى چېقىلىدىغانلار بۇ خىزمەتكە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا ئائىلىق ماسلىشىشى كېرەك.

**81. يىغىۋېلىش دائىرىسىدىكى ئۆينى سېتىشقا، ئۆزگەرتىشكە بولامدۇ؟**

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، يىغىۋېلىش دائىرىسى بەلگىلەنگەن ئۆيلەرنى بازارغا سېلىشقا ۋە سېتىشقا بولىدۇ، لېكىن، ئۆي - مۈلۈك سودىسىنى باشقۇرۇش تارمىقى يىغىۋېلىش

دائىرىسى بەلگىلەنگەن جايدىكى ئۆيلەرنىڭ نوپۇس يۆتكەش رەسمىيىتىنى تولۇقلىتىۋېتىدۇ. يىغىۋېلىش ئىلانى چىققاندىن كېيىن، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى چېقىلىدىغان ئۆي ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتسە، ئىجارە مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتسە، ئۆيىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە خاراكتېرىنى ئۆزگەرتسە، ئۆينى كېڭەيتسە ۋە زىننەتلىسە، ئۆي - مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرسا، يۆتكىسە ئۇنى ئۆي يىغىۋېلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ.

## 82. شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىشنىڭ سىياسەت ۋە قانۇن ئاساسى نېمە؟

شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىشتا گوۋۇيۈەن بىر قاتار سىياسەتلەرنى چىقاردى، بۇ سىياسەتلەرنىڭ روھىدىن خەۋەردار بولۇش ئۆيى چېقىلىدىغان ۋە كۆچۈرۈلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ سىياسەتلەرنىڭ ئاساسلىق روھى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

(1) قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى خادىملارغا قەرەللىك ھالدا قانۇن تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش، ئالغۇچى، كۆچۈرگۈچى خادىملار خىزمەت ئورنىدا كېنىشكا ئېسىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، يىغىۋېلىشنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. ئالغۇچى، كۆچۈرگۈچى ئورۇن ۋە يىغىۋېلىش باھاسىنى ھېسابلىغۇچى ئورۇننى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارنى قەتئىي توسۇش كېرەك. يىغىۋېلىش تۆلەم پۇلىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، مەبلىغى تەييارلانمىغان، يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھەسى ئەمەلىيلەشمىگەن تۈرلەرگە بېرىدەك يىغىۋېلىش ئىجازەتنامىسى بەرمەسلىك كېرەك. باشقۇرۇشنىڭ

ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، بارلىق مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنىڭ ئېنىق بېجىرىش شەرتى، خىزمەت مۆھلىتى قاتارلىق ھالقىلارنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش.

(2) ھالىغا بېقىپ ئىش قىلىش، شۇ جاينىڭ مالىيە - ماددىي كۈچىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش، يىغىۋېلىش كۆلىمىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، قارىغۇلارچە يىغىۋېلىشتىن ساقلىنىش.

(3) يىغىۋېلىش قۇرۇلۇش تۈرىگە قارىتا ئۆي يىغىۋېلىش ئىجازەتنامىسىنى قاتتىق يولغا قويۇش،

(4) جايلاردىكى ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى تارماقلار شۇ جايدىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈشى، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى كېرەك.

(5) ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداش.

(6) كونا شەھەرنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر دەرىجىسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدىغان قانۇنلاردىن ئاساسلىقى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر - يېزا يېزىلىك پىلانى قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۆلەم قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق

جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر ئۆي ـ زېمىنلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» قاتارلىقلار بار. مەمۇرىي نىزاملارنىڭ مۇھىملىرىدىن «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ شەھەر ـ بازار ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش كۆلىمىنى كونترول قىلىپ، يىغىۋېلىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»، «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ شەھەر ـ بازار ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ھەققىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇشى»، «شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش مەمۇرىي كېسىم خىزمىتى قائىدىسى»، «شەھەرلەردىكى چېقىلىدىغان ئۆيلەرگە باھا قويۇش يېتەكچىلىك پىكرى»، «ئۆي يىغىۋېلىشتا دەلىل ـ ئىسپاتنى ئامان ساقلاشنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش تەپسىلىي قائىدىسى»، «شەھەر ئۆيلىرىنى ئالغۇچى ئورۇننى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» ۋە «دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش نىزامى» قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئارمىيەگە چېتىشلىق ئۆي ـ زېمىننى قايتۇرۇش، يىغىۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ماجىرا دېلولىرىنى قوبۇل قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى جاۋابى»، «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي سوت كوللېگىيەسىنىڭ يىغىۋېلىشنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى جاۋاب پىكرى»، «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆي يىغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغا دائىر دېلولارنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەستىقى» قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، مەركەزدىكى ھەرقايسى ھوقۇقلۇق مەمۇرىي تارماقلار، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر تۈزۈپ يولغا قويغان

مەمۇري نىزام، چارە، بەلگىلىمە، قائىدە، ھۆججەتلەرمۇ يېغىۋېلىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

يۇقىرىقى سىياسەت ـ بەلگىلىمىلەر، يۇرۇشلەشكەن قانۇنلار ۋە قانۇن خاراكتېرلىك قائىدە ـ نىزاملار سىستېمىسى شەھەر ئۆيلىرىنى يېغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا چېتىلىدىغان تالاش ـ تارتىشلارنى تەڭشەيدىغان، تەرتىپكە سالىدىغان قانۇني ئاساسلاردۇر. كەڭ پۇقرالار بولۇپمۇ ئۆيى چېقىلىدىغان، كۆچۈرۈلىدىغان كىشىلەر دۆلەتنىڭ قانۇن ـ سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە سەل قارىماسلىقى، قانۇن سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇني ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم.

**83. ئۆي يېغىۋالغۇچى تەرەپ ئۆينى يېغىۋېلىشتىن ئىلگىرى قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلىشى كېرەك؟**

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يېغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى تارماق ئۆينى يېغىۋالغۇچىغا ئۆي يېغىۋېلىش ئىجازەتنامىسىنى تارقىتىپ بېرىش بىلەن بىللە، ئۆي يېغىۋېلىش، چېقىش ـ كۆچۈرۈش ئېلانى چىقىرىشى، ئېلانغا قورۇلۇش تۈرىنىڭ نامى، يېغىۋالغۇچى، چېقىپ كۆچۈرۈشكە ئائىت ئەھۋال، يېغىۋېلىش دائىرىسى ۋە تەستىقلانغان كۆچۈرۈش مۆھلىتى، يېغىۋېلىش ئىجازەتنامىسىنىڭ نومۇرى قاتارلىقلارنى ئېنىق يېزىشى كېرەك، ئۆي يېغىۋېلىش، چېقىش ـ كۆچۈرۈش ئېلانىنى ئۆي يېغىپ ئېلىنىدىغان، چېقىپ كۆچۈرۈلىدىغان رايون ئىچىدىكى كۆزگە ئوڭاي چېلىقىدىغان جايلارغا چاپلاش كېرەك. چېقىپ كۆچۈرۈش مۆھلىتى ئۇزارتىلغان تۈرلەر بولسا، ئېلانىنى قايتىدىن چىقىرىشى كېرەك. پۇقرالار شەخسىي ئۆي ـ مۈلۈك شىركەتلىرىنىڭ ئۆي يېغىۋېلىش، چېقىش ـ كۆچۈرۈش توغرىسىدىكى بىر پارچە ھۆججەت ياكى ئېلانغا ئىشىنىپلا

ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆيىنى بوشىتىپ، ياكى چېقىپ قويۇپ، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەھۋالنى ئەتراپلىق ۋە ئېنىق ئىگىلەپ، ئىككى تەرەپ تولۇق چۈشىنىش ھاسىل قىلغاندىن كېيىن پۈتۈشۈشى كېرەك.

**84. ئىجارە بېرىلگەن ئۆيلەرنى يىغىۋېلىشتا، ئىجارە بەرگۈچى بىلەن ئىجارە ئالغۇچى ئىجارە مۇناسىۋىتىدە كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىجارە بېرىلگەن ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش ۋە چېقىپ كۆچۈرۈشتە، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى بىلەن ئۆي ئىجارە ئالغۇچى ئىجارە مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىش جەھەتتە كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا، تۆۋەندىكى ئۇسۇل بويىچە تۆلەمگە ئېرىشىشكە ھوقۇقلۇق:

1) ئۆي ئىجارە ئالغۇچى بىۋاسىتە باشقۇرۇلۇۋاتقان ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتقان ھەمدە ئەرزان تۇرالغۇ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلگەن بولسا، ئۆي يىغىۋالغۇچى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىغا ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. ئالماشتۇرۇپ بېرىلگەن ئۆيىنى ئەسلىدە ئىجارىگە ئالغۇچى ئىجارىگە ئالىدۇ.

2) ئۆز خىزمەت ئورنىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيىنى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغان ۋە ئۆيى ئېلىنغۇچى پۇل تۆلەم ئېلىش شەكلىنى تاللىغان بولسا، ئۆي يىغىۋالغۇچى تۆلەم پۇلنىڭ 80% نى، ئۆي ئىجارە ئالغۇچىغا 20% نى، ئۆيى ئېلىنغۇچىغا بېرىشى كېرەك. ئىجارىگە بەرگەن ـ ئالغان ئىككى تەرەپنىڭ ئايرىم كېلىشىمى بارلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

3) ئۆيى ئېلىنغۇچى بىلەن ئۆي ئىجارە مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىش جەھەتتە كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا، مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مۈلۈك ھوقۇقى

ئالماشتۇرۇلغان ئۆينى ئەسلىي ئۆي ئىجارە ئالغۇچى ئىجارە ئالىدۇ. ئۆيى ئېلىنغۇچى بىلەن ئۆي ئىجارە ئالغۇچى قايتىدىن ئىجارە توختىمى تۈزۈشى كېرەك.

4) مۇددىتى توشمىغان ئىجارە ئۆيلەرنىڭ ئىجارە كېلىشىمىنى بىكار قىلىشتا، ئەگەر ئىجارە كېلىشىمىدە ئۆي يىغىپ ئېلىنغاندا قانداق ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە پۈتۈشۈلگەن بولسا، شۇ پۈتۈم بويىچە بولىدۇ، پۈتۈشۈلمىگەن بولسا، ئىككى تەرەپ كېلىشىپ ھەل قىلسا بولىدۇ، كېلىشەلمىسە ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى تارماق مەمۇري كېسىم قىلسا بولىدۇ.

## 85. شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش جەريانى كىملەرگە چېتىلىدۇ؟

شەھەرلەرنىڭ تېز كېڭىيىشى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى قاتارلىق ئامىللار شەھەرلەردىكى بوش يەرنى ئازايتىۋەتكەنلىكتىن، ھازىرقى ئۆي ـ زېمىنلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئەسلىدىكى كونا، خەتەرلىك، قالاق قۇرۇلۇشلارنى چېقىپ، ئورنىغا يېڭى قۇرۇلۇشلارنى سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. روشەنكى، بۇ يىغىۋېلىشكە بىرىپ تاقىلىدىغان، تەسىرى كەڭ بولغان، دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرى بويىچە يۈرگۈزۈش قاتتىق تەكىتلىنىدىغان بىر تۈرلۈك زور ئىجتىمائىي پائالىيەت، يەنە كېلىپ، بۇ ھەربىر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تاقىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي ئالغۇچىلار بىلەن ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىلارنىڭ شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىشتا مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم سۇبيېكت. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆي ئىشلەتكۈچىلەر، ھاۋالە بىلەن ئۆي ئالغۇچىلار، ئىجارە ئولتۇرغۇچى، گۇۋاھلىق ئورگىنى قاتارلىق سۇبيېكتلارغىمۇ چېتىلىدۇ. ئۆي چېقىش ھوقۇقىنىڭ سۇبيېكتى ئورۇن بولۇپ، شەخسلەر ئۆز ئالدىغا ئۆي ئالغۇچى بولۇشقا بولمايدۇ.

**86. ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش مەزمۇنلىرى قايسىلار؟**

شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىشنى باشقۇرۇش تارمىقى پۈتكۈل يىغىۋېلىش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ. ئۆي ئالغۇچىلار بىلەن ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىغا، يىغىۋېلىش ئىشلىرىنىڭ تەرتىپلىك، ئوچۇق-ئاشكارە، قانۇنلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. كونكرېت قىلغاندا:

(1) يىغىۋېلىش ئىجازەتنامىسى ئىلتىماس قىلىش ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە، تەكشۈرۈش، يىغىۋېلىش شەرتىنى ھازىرلىغانلارغا ئىجازەتنامىسى تارقىتىش، ھازىرلىمىغانلىرىغا ماتېرىياللىرىنى تولۇقلاپ قايتا ئىلتىماس قىلىشنى ئۇقتۇرۇش ياكى ئىلتىماسىنى رەت قىلىش؛

(2) تەستىقلانغان ئىجازەتنامىدىكى يىغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھەسىگە ئاساسەن ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىلارغا ئېلان تەشۋىقاتى ۋە چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئىشلەش؛

(3) ئالاقىدار تارماقلارنىڭ چېقىپ كۆچۈرۈلىدىغان دائىرىدىكى ئۆيلەرگە نىسبەتەن مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش خىزمىتىنى ۋاقىتلىق توختىتىپ تۇرۇپ، يىغىۋېلىش خىزمىتىگە ماسلىشىشنى ئۇقتۇرۇش؛

(4) تارىخىي سەۋەبلەردىن، بەزى ئۆيلەرنى شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋاكالىتەن باشقۇرغان بولىدۇ، ئەگەر بۇنداق ئۆيلەرنى يىغىۋېلىشقا توغرا كەلسە، تۆلەم بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش ياكى شۇنداق قىلىشنى ئالغۇچى تەرەپتىن تەلەپ قىلىپ، كېيىنكى ماجىرالاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ دەلىل - ئىسپاتلارنى ئامان ساقلاش رەسمىيىتى بېجىرىش كېرەك؛

(5) يىغىۋېلىشقا ئالاقىدارلار كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا،

ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن يىغىۋېلىشنى باشقۇرۇش تارمىقى 30 كۈن ئىچىدە قارار چىقىرىدۇ؛

(6) ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى ياكى ئىجارە ئالغۇچى بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە كۆچمىسە، يىغىۋېلىشنى باشقۇرۇش تارمىقى خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي يىغىۋېلىشنى قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلىدۇ؛

(7) يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى تېخى تۈگىمىگەن قورۇلۇش تۈرىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەستىقلاش؛

(8) يىغىۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش مەبلىغىنى ئىشلىتىشنى نازارەت قىلىش؛

(9) شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىشقا دائىر قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ قىلمىشلارغا مەمۇرىي جازا بېرىش. بۇ جازا ئاگاھلاندۇرۇش، يىغىۋېلىشنى توختىتىشقا بۇيرۇش، جەرىمانە قويۇش، ھەتتا يىغىۋېلىش ئىجازەتنامىسىنى بىكار قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت؛

(10) يىغىۋېلىش ئارخىپىنى باشقۇرۇش.

**87. ئۆي ئالغۇچى تەرەپنىڭ ئىجازەتنامىسى بولماي تۇرۇپ يىغىۋېلىشقا بولامدۇ؟**

ئۆي يىغىۋېلىش خىزمىتى يۇقىرىلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا چېتىلىدىغان ۋە شەھەر ـ بازار قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم خىزمەت. چېقىلىدىغان ئۆيلەرنىڭ قايسى تۈردىكى ئۆي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆي ئالغۇچى تەرەپ يىغىۋېلىشكە تۇتۇش قىلماقچى بولىدىكەن، چوقۇم بۇ تۈرنى تەستىقلىتىشى ۋە چېقىش ئىجازەتنامىسى ئېلىشى كېرەك. ئۆي يىغىۋېلىش ئىجازەتنامىسى ئالماي تۇرۇپ يىغىۋېلىشقا خالىغانچە تۇتۇش قىلغانلار ئۆي يىغىۋېلىشنى

باشقۇرۇش تارماقلىرى يىغىۋېلىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاگاھلاندۇرىدۇ، قوشۇمچە چېقىلغان ھەربىر كىۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش ئۈچۈن مۇناسىپ جەرىمانە تۆلىتىلىدۇ.

**88. يىغىۋېلىش مۆھلىتى خالىغانچە ئۇزارتىۋېتىلسە قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟**

يىغىۋېلىش خىزمىتى ئۆيى يىغىپ ئېلىنىغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى، شەھەر - بازار قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ۋە باشقا نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان تەخىرسىز خىزمەت. شۇڭا، ئۆي ئالغۇچى تەرەپ يىغىۋېلىش خىزمىتىنى قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە، مۇناسىۋەتلىك تارماقنىڭ پىكرى ۋە يىغىۋېلىش كېلىشىمىدە كۆرسىتىلگەن مۆھلەت ئىچىدە تۈگىتىشى كېرەك. ئەگەر مۆھلەت خالىغانچە ئۇزارتىۋېتىلسە، ئۆي يىغىۋېلىشنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى يىغىۋېلىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاگاھلاندۇرىدۇ، قوشۇمچە يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش مەبلىغىنىڭ مەلۇم مىقدارى بويىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ (جەرىمانە سوممىسىنىڭ كونكرېت سانى ئايرىم بېكىتىلىدۇ). قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ ئۆي يىغىۋېلىش ئىجازەتنامىسى بىكار قىلىنىدۇ.

**89. مال - مۈلۈكنى پېچەتلەش، تۇتۇپ قېلىش، توڭلىتىۋېتىش دېگەن نېمە؟**

پېچەتلەش دېگىنىمىز، مەمۇرىي ئورگاننىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى كۆچمە مۈلۈك ۋە كۆچمەس مۈلۈكنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە پېچەتلەپ، ئۇنى تەستىقسىز، ئۆز مەيلىچە يۆتكەپ كېتەلمەيدىغان ۋە باشقۇرالمايدىغان قىلىپ قويىدىغان مەمۇرىي مەجبۇرلاش

تەدبىرىدۇر.

تۇتۇپ قېلىش دېگىنىمىز، مەمۇرىي ئورگاننىڭ ئىسپات ئېلىشى ياكى مال - مۈلۈكنىڭ يۆتكىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كۆچمە مۈلۈكنى تۇتۇپ قالىدىغان ھەمدە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىنىۋېتىشنى ياكى يۆتكەپ كېتىشنى مەنئى قىلىشنى جاكارلايدىغان مەمۇرىي مەجبۇرلاش تەدبىرىدۇر.

توڭلىتىۋېتىش دېگىنىمىز، مەمۇرىي ئورگاننىڭ پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ئامانەت پۇلى ياكى كارخانا پاي چېكى قاتارلىق مال - مۈلكىگە قوللىنىدىغان بىر خىل مەجبۇرلاش تەدبىرىدۇر.

**90. پۇقرا، قانۇنىي ئىگە، باشقا تەشكىلات دېگەن نېمە؟**

پۇقرا دېگىنىمىز، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە تەبىئىي ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

قانۇنىي ئىگە دېگىنىمىز، قانۇن بويىچە قۇرۇلغان، مۇئەييەن خىزمەت ۋە تىجارەت قىلىش ئورنى بولغان، خىزمەت ئىشلەش، تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا مۇناسىپ خىزمەتچىلىرى، مەبلىغى، تەشكىلات نىزامى ۋە ئاپپاراتى بولغان، ئۆزىنىڭ نامىدا مۇستەقىل ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان تەشكىلاتتۇر.

باشقا تەشكىلات دېگىنىمىز، قانۇن بويىچە قۇرۇلغان، مۇئەييەن تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە مال - مۈلكى بولغان، بىراق قانۇنىي ئىگە بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلىمىغان تەشكىلاتتۇر.

**91. ئۆي يىغىۋېلىشتا دەلىل - ئىسپاتنى ئامان ساقلاش دېگەن نېمە؟**

ئۆي يىغىۋېلىشتا دەلىل - ئىسپاتنى ئامان ساقلاش

دىگىنىمىز، ئۆي ئالغۇچى ياكى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق ئورگىنىنىڭ ئۆي چېقىلىشتىن ئىلگىرى ئۆي ۋە ئۆينىڭ قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنىڭ ئەھۋالىنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈش، سۈرەتكە تارتىش، سىنغا ئېلىش قاتارلىق ئامان ساقلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ چىنلىقى ۋە دەلىل - ئىسپاتلىق كۈچىگە كاپالەتلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆي يىغىۋېلىشتە دەلىل - ئىسپاتنى ئامان ساقلاش گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتى بېجىرىشتە، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق خادىملىرى چېقىلىدىغان ئۆينىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئوبيېكتىپ، ئەتراپلىق خاتىرىلەيدۇ، ئالاقىدار دەلىل - ئىسپاتلارنى توپلايدۇ، ئامان ساقلىنىدىغان نىشاننىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەكشۈرۈش، سۈرەتكە ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، بۇ دەلىل - ئىسپاتلارنى ئامان ساقلايدۇ.

**92. دەلىل - ئىسپاتنى ئامان ساقلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قايسى؟**

يىغىۋېلىش خىزمىتى شەھەر - بازارلاردىكى ئۆيلەرنى چېقىپ كۆچۈرۈشتىكى ئالاقىدارلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە چېتىلىدىغان بولغاچقا، ئەھۋال بىرقەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ، بۇنى ياخشى بىر تەرەپ قىلمىغاندا ئاسانلا زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا يىغىۋېلىش جەريانىدىكى دەلىل - ئىسپاتلارنى ئامان ساقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە سەل قاراشقا بولمايدۇ، بۇنىڭدا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1) ۋاكالىتەن باشقۇرۇلۇۋاتقان ئۆينىڭ دەلىل - ئىسپاتىنى ئامان ساقلاش. ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىغا تەۋە بولىدۇ، لېكىن ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى، بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئىگىدار بولمىغان ئەھۋالدا، ئۆي ئالغۇچى چېقىلىدىغان ئۆينىڭ كۆلىمى، قۇرۇلۇش

قورۇلمىسى (ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال)، ئۆيىنىڭ كونا - يېڭىلىق دەرىجىسى قاتارلىقلارغا ئائىت دەلىل - ئىسپاتلارنى ئامان ساقلىشى كېرەك. ئۆي چېقىشقا مەسئۇل تارماقلار ۋاكالىتەن باشقۇرۇۋاتقان ئۆيلەرنىڭ دەلىل - ئىسپاتىنى ۋە كېلىشىمنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە دەلىل - ئىسپاتنى ئامان ساقلاش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى كېرەك.

2) ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلغان ئۆيىنىڭ دەلىل - ئىسپاتىنى ئامان ساقلاش. ئۆي يىغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى جەريانىدا، ئالاقىدارلار بۇ ھەقتىكى كېسىمگە قايىل بولمىسا، خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىشقا ھوقۇقلۇق. دەۋا مەزگىلىدە، ئۆي ئالغۇچى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىنى ئورۇنلاشتۇرمىغان ياكى ئوبوروت ئۆيى بەرمىگەن بولسا، يىغىۋېلىشنى توختىتىشقا بۇيرۇلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىنىڭ ئۆيىنىڭ دەلىل - ئىسپاتىنى ئامان ساقلاپ، دەۋالىشىش مەزگىلىدە زۆرۈر بولغان دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

3) مۈلۈك ھوقۇقى ماجىراسى بولغان ئۆيىنىڭ دەلىل - ئىسپاتىنى ئامان ساقلاش. بۇنداق ئۆيلەرنى يىغىۋېلىشتا ئۆي يىغىۋېلىشقا مەسئۇل تارماق ئېلان قىلغان بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە ماجىرا ھەل قىلىنمىغان بولسا، ئۆي ئالغۇچى تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆي يىغىۋېلىشقا مەسئۇل تارمىقىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن يىغىۋېلىشقا بولىدۇ. يىغىۋېلىشتىن ئىلگىرى يىغىۋېلىشقا مەسئۇل تارماق ئۆي ئالغۇچىنى تەشكىللەپ، چېقىلىدىغان ئۆينى تەكشۈرۈپ خاتىرىلىشى ھەمدە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق ئورگىنىنىڭ دەلىل - ئىسپاتنى ئامان ساقلاش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى كېرەك.

4) رەنە ھوقۇقى بولغان ئۆينىڭ دەلىل ـ ئىسپاتىنى ئامان ساقلاش. بۇنداق ئۆينى يىغىۋېلىشقا، مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش قوللىنىلغان بولسا، رەنە توختامى تۈزۈشى كېرەك. ئەگەر ئىككى تەرەپ ئۆي يىغىۋېلىشقا مەسئۇل تارماق ئېلان قىلغان بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا، ئۆي ئالغۇچى مۈلۈك ھوقۇقى ماجىراسى بولغان ئۆي قاتارىدا چىقىشقا تۇتۇش قىلسا بولىدۇ ھەمدە مۇناسىپ دەلىل ـ ئىسپاتنى ئامان ساقلاش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

5) ئىجارە ئۆينىڭ دەلىل ـ ئىسپاتىنى ئامان ساقلاش. ئىجارە بېرىلگەن تۇرالغۇ ئۆينى يىغىۋېلىشتا، مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسا، ئەسلىدىكى ئىجارە مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلاشقا بولىدۇ. يىغىۋېلىش تۈپەيلىدىن ئەسلىدىكى ئىجارە توختامدىكى ماددىلاردا ئۆزگىرىش بولسا مۇناسىپ تۈزىتىش كېرەك ھەمدە ئەسلىدىكى ئىجارە توختامى، مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆزگەرتىش خېتى، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئىجارە توختامى قاتارلىقلارغا زۆرۈر بولغان دەلىل ـ ئىسپاتنى ئامان ساقلاش رەسمىيىتىنى بېجىرىش كېرەك.

**93. يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى دېگەن نېمە؟ ئۇ قايسى مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپىدۇ؟**

يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى دېگىنىمىز، ئۆي ئالغۇچى بىلەن ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى ئىككى تەرەپ قانۇني ئورۇن جەھەتتىن باراۋەر بولۇش، ئادىل، مۇۋاپىق بولۇش، قانۇنلۇق بولۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆي ئالغۇچى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىلارنىڭ ئۆينى يىغىۋېلىش، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى ياكى كۆچۈرۈلگۈچىگە تۆلەم بېرىش ۋە ئۆي ئىشلەتكۈچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە ھاسىل قىلىدىغان

كېلىشمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) كېلىشىم تۈزگۈچى ئالاقىدارلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، نامى، تۇرغان جايى، يىغىۋېلىش جەريانىدا ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى شۇنداقلا، بۇ جەرياندا تالاش ـ تارتىش كۆرۈلسە دەۋاغا چىقىدىغان سۇبيېكتى قاتارلىقلار.

2) ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى قايسى خىل ئۇسۇلدا تۆلەم ئېلىشنى تاللىغانلىقى. بۇنىڭدا پۇل ئېلىش ياكى ئۆيگە ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقى ئالماشتۇرۇپ بېرىلىشمۇ بولىدۇ. بۇنى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى تەرەپ ئەركىن تاللايدۇ.

3) كونكرېت سان ـ سېپىر ھېساباتى، بۇ ئاساسلىقى، چېقىلىدىغان ئۆينىڭ كۆلىمى، مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش جەريانىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆينىڭ كۆلىمى، تۆلەيدىغان پۇل ۋە ياردەم سوممىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4) ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆي ۋە كۆچۈپ بارىدىغان ئۆينىڭ سۈپەت ئۆلچىمى.

5) كۆچۈپ تۇرۇش ئۇسۇلى ۋە تۆلەم سوممىسى، ئەگەر ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى ياكى ئىجارە ئولتۇرغۇچىلاردىن ئۆزى ئىجارە ئۆي تاپقانلىرىغا ئۆي ئالغۇچى كېلىشىمدىكى مۆھلەت بويىچە ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى، كۆچۈش ياردەم پۇلى بېرىدۇ.

6) تۆلەم پۇلى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆينى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۇسۇلى، تاپشۇرۇپ بېرىش مۆھلىتى.

7) كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى.

8) تالاش ـ تارتىشنى ھەل قىلىش چارىسى يەنى ماجىرا كۆرۈلسە كېسىم ماددىسى تۈزۈش، كېسىم قىلغۇچى ئاپپاراتنى تاللاش ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى يېزىش.

9) تەرەپلەر پۈتۈشۈش زۆرۈر دەپ قارىغان باشقا ئالاقىدار ئىشلار.

**94. يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىنى قانداق ئەھۋالدا ئۆزگەرتىشكە ۋە بىكار قىلىشقا بولىدۇ؟**

يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىدە بەزى نۇقسانلار مەۋجۇت بولغاندا، مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغۇچى بىر تەرەپ ئالاقىدارلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەلۇم مۆھلەت ئىچىدە يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى تارماققا ئىلتىماس قىلىش ياكى مەمۇرىي دەۋا قىلىش ئارقىلىق، كېلىشىمنى بىكار قىلىش ياكى ئۆزگەرتىشنى ئىلتىماس قىلىدىغان كېلىشىم، روختامىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى مۇنداق ئەھۋالدا ئۆزگەرتىشكە ياكى بىكار قىلىشقا بولىدۇ:

1) زور ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن تۈزۈلگەن توختام بۇ دېگىنىمىز، بىر تەرەپ ئۆز ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرى، قارشى تەرەپ ئالاقىدارى، كۆرسىتىلگەن نەرسىنىڭ تۈرى، سۈپىتى، شەكلى ۋە سانى قاتارلىقلارنى خاتا تونۇش نەتىجىسىدە، قىلمىشنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزى ئويلىغىنى بىلەن بىردەك بولماي قېلىپ زور زىيان پەيدا قىلغان بولسا؛

2) ئۆي يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى تۈزگەندە روشەن ھالدا بىر تەرەپكە ئادىل بولماسلىق؛

3) ئۆي يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىنىڭ ئالاقىدارلىرىدىن بىر تەرەپ ئالداش ۋاسىتىسى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ھەقىقىي ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا تۈزۈلگەن بولسا؛

4) كېلىشىمنىڭ ئالاقىدارلىرىدىن بىر تەرەپ تەھدىت سېلىش ۋاسىتىسى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ھەقىقىي ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا تۈزۈلگەن بولسا؛

5) كېلىشىم تۈزگۈچىلەردىن بىر تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي

ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا تۈزۈلگەن كېلىشىم بولسا.

كېلىشىم ئۆزگەرتىلسە ئالاقىدارلارنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى قايتىدىن بېكىتىلىدۇ ۋە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ئەگەر بىكار قىلىنسا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۈچتىن قالىدۇ. ئالاقىدارلار كېلىشىمنى ئۆزگەرتىش ياكى بىكار قىلىشنى ئىلتىماس قىلمىسا كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولۇۋېرىدۇ. قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆزگەرتىش، بىكار قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش مۆھلىتى بىر يىل بولۇپ، مۇشۇ مۆھلەتتىن ئېشىپ كەتسە كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولۇۋېرىدۇ.

**95. مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى بېجىرمىگەن چېقىلىدىغان ئۆينىڭ قانۇنلۇقلۇقى قانداق بېكىتىلىدۇ؟**

شەھەر ئۆيلىرىنى يىغىۋېلىش جەريانىدا، ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئۆي ئالغۇچىنىڭ ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىغا تۆلەم بېرىش ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. تۆلەم بېرىشتىكى ھالقا چېقىلىدىغان ئۆينىڭ ئىگىسىنى بېكىتىشتىن ئىبارەت. ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى ئۆينىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئىلكىدە تۇتقۇچى كىشى بولۇپ، ئۆي ئىگىسىنى بېكىتىشتە، ئادەتتە ئۆي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ تىزىملىغان ماتېرىيالى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەت داۋامىدا دائىم بەزى ئالاقىدارلار يېڭىلاپ ياكى كېڭەيتىپ ئۆي سېلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئۆي باشقۇرۇش تارمىقىغا مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملاشنى ۋاقتىدا ئىلتىماس قىلمايدىغان، پىلانلاش تارمىقىغا يوللاپ تەستىقلاتمايدىغان ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەردىن مۈلۈك ھوقۇقى رەسمىيەتلىرىنى بېجىرمەيدىغان ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالدا، ئالدى بىلەن پىلانلاش تارمىقىنىڭ ئۆينىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى بېكىتىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى تولۇقلىشى

كېرەك. ئەگەر ئۆي سېلىش قانۇنلۇق بولسا ئالغۇچى تەرەپ تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. ئەگەر قائىدىگە خىلاپ سېلىنغان، قانۇنسىز ئۆي بولسا تۆلەم بېرىلمەيدۇ.

**96. ئۆي ئالغۇچى تەرەپتە قائىدىگە خىلاپ ھەرىكەتلەر كۆرۈلسە قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟**

ئۆي ئالغۇچى تەرەپتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ئۆيلىرىنى چېقىش - كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش نىزامىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ بولغان تۆۋەندىكى ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى كۆرۈلسە، ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرۇش تارمىقى ئۇلارنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئاگاھلاندۇرىدۇ، قوشۇمچە 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، ئۆي چېقىش - كۆچۈرۈش ھەرىكىتىنى ۋاقىتىنچە توختىتىدۇ، قوشۇمچە 5000 يۈەندىن يۇقىرى، 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ:

1) ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى بىلەن چېقىش - كۆچۈرۈش تۆلىمى بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى تۈزمەي تۇرۇپ ياكى چېقىش - كۆچۈرۈش تۆلىمى بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ماجىراسى ئۈستىدە كېسىم قىلىنماي تۇرۇپ چېقىش - كۆچۈرۈشنى يولغا قويسا؛

2) كۆچۈش مۆھلىتى ئىچىدە كۆچۈپ بولغان ئۆيلەرنى ئالدى بىلەن چاقسا، تېخى كۆچۈپ بولمىغان ئۆيلەرگە سۇ، توك، گاز، پار تەمىنلەشنى توختىتىپ قويسا ياكى باشقا ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ، ئۆيى چېقىلغۇچىنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا توسقۇنلۇق قىلسا.

**97. ئۆي چېقىش - كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش تارمىقىدا قائىدىگە خىلاپ ھەرىكەتلەر كۆرۈلسە قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟**

ئۆي چېقىش - كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش تارماقلىرىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ئۆيلىرىنى چېقىش - كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش نىزامىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ بولغان تۆۋەندىكى ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى كۆرۈلسە، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق ئۇلارنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە بىۋاسىتە مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكى، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپ جىنايەت شەكىللەندۈرسە، قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ:

1) ئۆي چېقىش - كۆچۈرۈش شەرتىگە ئۇيغۇن بولمىغان تۈرلەرگە ئۆي چېقىش - كۆچۈرۈش ئىجازەتنامىسى ۋە باشقا تەستىق ھۆججىتى بەرسە؛

2) ئۆي چېقىش - كۆچۈرۈش كېسىمىنى ئاشكارىلىمىسا ياكى بەلگىلىمە بويىچە چېقىش - كۆچۈرۈش ئالاقىدارلىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىمىسا؛

3) ئۆي ئالغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياكى ھاۋالىنى قوبۇل قىلىپ چېقىش - كۆچۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللانسا؛

4) ئۆي چېقىش - كۆچۈرۈش ئالاقىدارلىرىغا كۆچۈرگۈچى ئورۇن، ئۆي چاقىدىغان ئورۇن ياكى چېقىش - كۆچۈرۈشكە باھا قويىدىغان ئورۇننى بەلگىلەپ بەرسە؛

5) ئۆي چېقىش - كۆچۈرۈش ئېلانىنى بەلگىلىمە بويىچە ئېلان قىلمىسا، چېقىش - كۆچۈرۈشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش

مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىسا ياكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلمىسا.

**98. يىغنۇپلىشنىڭ نەچچە خىل ئۇسۇلى بار؟**

يىغنۇپلىش ئادەتتە ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، بىرسى، ئۆي ئالغۇچى ئۆينى ئۆزى چېقىش، بۇ دېگىنىمىز، ئۆي ئالغۇچى تەرەپ ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ۋە تۆلەم بېرىدىغان ئۇسۇل بولۇپ، بۇ چوڭ ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركەتلىرى قوللىنىدىغان ئۇسۇل، ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىسى ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش تارمىقىغا ئۆي يىغنۇپلىش ئىجازەتنامىسى ئىلتىماسى سۇنغاندا، يىغنۇپلىش خىزمىتىگە مەسئۇل كىشى ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئىسمىلىكى قاتارلىق ماتېرىياللارنى تاپشۇرىدۇ، ئىلتىماسى تەستىقلانغاندىن كېيىن ئۆينى يىغنۇپلىشنى باشلىسا بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ئۆي ئالغۇچى ئۆي چاقىدىغان ئورۇنغا ھاۋالە قىلىپ چاقتۇرۇش، بۇ دېگىنىمىز، ئۆي ئالغۇچى تەرەپ ئۆي يىغنۇپلىشنى مەخسۇس ئۆي چاقىدىغان ئورۇنغا ھاۋالە قىلىدىغان، ھاۋالىنى قوبۇل قىلغان ئورۇن يىغنۇپلىش خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا مەسئۇل بولىدىغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن مۇناسىپ ھەق ئالىدىغان ئۇسۇلدۇر. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان ئۆي يىغنۇپلىش ھاۋالە توختامى ئۆي - زېمىن باشقۇرغۇچى تارماققا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

**99. يىغنۇپلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەكمۇ؟**

ئۆي ئالغۇچى تەرەپ بىلەن ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى تەرەپ يىغنۇپلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى تۈزۈپ ئىمزا قويۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورگىنىغا بېرىپ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى رەسمىيىتى

بېجىرىدۇ، بۇ خىل ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنىنىڭ ئالاقىدارلار تۈزۈشكەن يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىنىڭ راستلىقى، قانۇنغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى قانۇن بويىچە ئىسپاتلايدىغان پائالىيەتتىن ئىبارەت. چېقىلىدىغان ئۆينىڭ بىرلىكتە ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىسى ياكى بىرلىكتە ئىشلەتكۈچىسى بولسا، ئادەتتە ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار سۆھبەتتە ئورتاق ئىلتىماس قىلىش كېرەك. ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار بىر ئادەمگە ۋاكالەتچىلىكنى ھاۋالە قىلىپ، يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى ھەققىدىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى رەسمىيىتىنى بېجىرسە بولىدۇ. چېقىلىدىغان ئۆينىڭ ئەسلىي ھوقۇقدارى ياكى ئىشلەتكۈچىسى ئۆزگەرگەن بولۇپ، مۈلۈك ھوقۇقى ياكى ئىشلىتىش ھوقۇقىدا نوپۇس يۆتكەش رەسمىيىتى بېجىرمىگەن بولسا، ئالدى بىلەن نوپۇس يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ، ئاندىن كېلىشىمنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتىنى بېجىرىش كېرەك.

**100. يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىلىدىغان ئوبيېكتلار كىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىلىدىغان ئوبيېكتلار ئاساسلىقى، چېقىلىدىغان ئۆينىڭ قانۇنلۇق ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىسىنى كۆرسىتىدۇ. يىغىۋېلىش تۆلىمى ئۆي ئىگىدارىغىلا بېرىلىدۇ، ئۆينى ئىشلەتكۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قوشۇمچە قىلىنىدۇ. ئىشلەتكۈچى دېگىنىمىز، ئاساسلىقى شۇ ئۆينى ئىجارە ئالغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆي ئىگىدارىغا ئىجارە پۇلى تۆلەش ئارقىلىق، ئۆينى مەلۇم مۇددەت ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولىدۇ. دېمەك، ئىجارە ئالغۇچىنىڭ ئېرىشكىنى ئۆينى مەلۇم مۇددەت ئىگىلەش ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقى بولۇپ، ئۆيدىن

مەنپەئەتلىنىش، بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى ئەمەس. شۇڭا يىغىۋېلىش قانۇن ـ نىزاملىرىدا پەقەت ئۆينىڭ ئىگىدارلىق قىلغۇچىسىلا يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىشنىڭ سۇبيېكتى بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. لېكىن، ئۆينى چاققان ۋە كۆچۈرگەندە يەنە ئىجارە ئالغۇچىغىمۇ بەلگىلىك زىيان ۋە قولايسىزلىق ئېلىپ كەلگەچكە، يىغىۋېلىش كېلىشىمى تۈزگەندە، ئۆي ئالغۇچى تەرەپ ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى، ئۆي ئىجارە ئالغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە يىغىۋېلىش تۆلىمى بېرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنىمۇ پۈتۈشۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

**101. تۇرالغۇ بولمىغان ئۆيلەرنى يىغىۋېلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان زىيانغا تۆلەم بېرىلەمدۇ؟**

چېقىلىدىغان ئۆيلەرنى ئىشلىتىلىش ئورنىغا ئاساسەن، تۇرالغۇ ئۆي ۋە تۇرالغۇ بولمىغان ئۆي دەپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. تۇرالغۇ بولمىغان ئۆيلەر ئادەتتە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، يىغىۋېلىش تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت توختاپ قېلىپ ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىغا زىيان كەلتۈرگەن بولسا مۇناسىپ تۆلەم بېرىلىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ «شەھەر ئۆيلىرىنى چېقىش ـ كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش نىزامى» يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى چېقىلىدىغان ئۆينىڭ تىجارەت كىرىمىنى ئاساسلىق تۇرمۇش مەنبەسى قىلىدىغان بولسا ھەمدە مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، ئۆي ئالغۇچى ئۇلارنى تىجارەتكە ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئۆي بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆي بىلەن چېقىلغان ئۆينىڭ ئورنى ۋە كۆلىمى جەھەتتە پەرق بولسا، مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرغاندا باھا پەرقىنى تولۇقلاپ بېرىشى كېرەك.

**102. ئۆينى يىغىۋالغۇچى تەرەپ يىغىپ ئېلىنغۇچىنىڭ ئۆينى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېقىپ بولغاندىن كېيىن ئۆي چېقىش ھەققى تەلەپ قىلسا بولامدۇ؟**

قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى زېمىن ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى يىغىۋېلىشنى باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ ئۆي چېقىش - كۆچۈرۈشكە ئالاقىدار تەرەپكە ھەرقانداق شەكىل بىلەن چېقىش- كۆچۈرۈشنى ۋاكالىتەن بېجىرگۈچى، ئۆي يىغىۋالغۇچى ۋە يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆينى باھالىغۇچى ئورۇننى بەلگىلەپ بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ. شۇڭا ئۆيى چېقىلغۇچىلار چاققۇچى تەرەپ بىلەن ئوبدان كېڭىشىپ، چېقىش - كۆچۈرۈش ھەققىنى كىم ئۈستىگە ئېلىش توغرىسىدا ئالدىن پۈتۈشۈشى كېرەك. يىغىۋالغۇچى تەرەپنىڭ ئۆينى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېقىپ كۆچۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن چېقىش - كۆچۈرۈش ھەققى تەلەپ قىلىشى قانۇنغا ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس.

**103. يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ ئىشلىتىلىشى مۇلۇك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىدىكى بىلەن ئوخشاش بولمىسا، يىغىۋېلىش تۆلىمى قانداق بېكىتىلىدۇ؟**

تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزى ئۆي ئىگىدارلىق قىلغۇچىلىرى مۇلۇك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى بېجىرگەندە، ئۆينىڭ ھەقىقىي ئىشلىتىلىش ئورنى، كۆلىمى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئەينەن مەلۇم قىلمايدۇ، بەزىلەر مۇلۇك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىگە تۇرالغۇ دەپ تىزىملاتسىمۇ ئەمەلىيەتتە تىجارەت قىلىشقا ئىشلىتىدۇ، بەزىلەر كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى دەپ، ئۆينىڭ كۆلىمىنى ئەمەلىيەتتىكىدىن يا چوڭ، يا كىچىك تىزىملىتىۋالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇ ئۆي چېقىلماقچى، كۆچۈرۈلمەكچى بولغاندا، ئاسانلا تالاش - تارتىش كېلىپ چىقىدۇ، كۆچۈرۈلىدىغان ئۆينىڭ

ئىشلىتىلىشىدە ئادەتتە شۇ ئۆينىڭ مولۇك ھوقۇقى ئارخىپىدا تىزىملانغان مەزمۇن ئۆلچەم قىلىنىدۇ. بىراق، ئۆي ئالغۇچى تەرەپ بىلەن ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىلار چىقىپ كۆچۈرۈلىدىغان ئۆينىڭ خاراكتېرى ۋە كۆلىمى ھەققىدە كېڭىشىپ بىرلىككە كەلگەن بولسا، كېڭىشىش نەتىجىسى بويىچە باھالاشقا بولىدۇ.

**104. ئۆي ئالغۇچى كېلىشىمدە ۋەدە قىلغان ئۆينى بەرمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟**

يىغىۋېلىش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىم توختامىدىكى ئالاقىدار ئىككى تەرەپ چوقۇم كېلىشىمدە پۈتۈشكەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئۆي ئالغۇچى تەرەپنىڭ قايتا ئۆي سېلىش جەريانىدا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان كۆلەم، ئورۇن، قەۋەت قاتارلىقلارنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىۋېتىشى يىغىۋېلىش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش توختامىنىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى يىغىۋېلىش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش توختامىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرسا، ئۆي يىغىۋېلىشنى باشقۇرغۇچى تارماق ئۆي ئالغۇچىنى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىغا كېلىشىمدە پۈتۈشكەن ئۆلچەم، ۋەدىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇشى كېرەك. ئۆي ئالغۇچى «ئۆي يوق» دېگەننى باھانە قىلىپ كېلىشىم بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشنى رەت قىلسا ۋە ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىمۇ ئەسلىدىكى كېلىشىم بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشتا يەنىلا چىڭ تۇرسا، ئۆي ئالغۇچىنى توختامدا ۋەدىلەشكەن ئۆلچەم بويىچە يېڭىباشتىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇش كېرەك. ئۆي ئالغۇچى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلسا، ئۆي ئالغۇچىنىڭ ھېسابىدىكى پۇلنى ئاجرىتىپ، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىغا ئۆي - زېمىن بازىرىدىن تاۋار ئۆي سېتىۋېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

**105. يىغىۋېلىشتا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆيىنىڭ سۈپىتى قانداق ئۆلچەمگە يېتىشى كېرەك؟**

يىغىۋېلىش ھەرىكىتى جەريانىدا، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆيلەرنىڭ دۆلەتنىڭ سۈپەت، بىخەتەرلىك ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىكتەك ھادىسىلەر دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ھەتتا بەزى ئۆيلەر خەتەرلىك بولۇپ چىقىشتەك ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە، ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزىدىغان بۇ خىل قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا يىغىۋېلىش مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى نۇقتىلىق زەربە بېرىدۇ. ناۋادا، ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆينىڭ سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىك ئۆلچىمى دۆلەتنىڭ سۈپەت ـ بىخەتەرلىك تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى يىغىۋېلىش مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا بېرىپ پاش قىلسا، خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىپ، باشقىدىن ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۆي بېرىشنى تەلەپ قىلسىمۇ بولىدۇ. قايتا كۆچۈش خىراجىتىنى ئۆي ئالغۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەگەر مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىنىڭ جىسمانىي مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

**106. تەستىقلىتىلماي سالغان ئۆينىڭ يىغىۋېلىش ئىشى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟**

تەستىقلىتىلماي سېلىنغان ئۆي قائىدىگە خىلاپ سېلىنغان قۇرۇلۇش دېيىلىدۇ، ئۇ سېلىنىپ بولغان ئۆي ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنىڭ شەھەر پىلانلاشقا مەسئۇل تارماقلارنىڭ پىلان ئىجازىتىنى ئالماي سېلىنغان ياكى پىلان ئىجازىتىدىكى بويىچە سېلىنمىغان ئۆي ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شەھەر پىلانىنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى

بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، قوروللۇشقا يەر ئىشلىتىش ئىجازىتى ۋە قوروللۇش قىلىش پىلان ئىجازىتى ئالماي تۇرۇپ ئۆي ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنى سالغان بولسا، بۇ قائىدىگە خىلاپ قوروللۇش ھېسابلىنىدۇ. سېلىنىپ بولغان ئۆي ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىدىن ئەگەر بۇ قوروللۇش شەھەر پىلانىغا تەسىر يەتكۈزسىمۇ، لېكىن، تۈزىتىش تەدبىرى قوللىنىشقا بولىدۇ دەپ قارالغانلىرىدا، پىلانلاشقا مەسئۇل تارماقلار تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويىدۇ، ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى تولۇقلاپ بېجىرىشكە بۇيرۇيدۇ، ئالاقىدار رەسمىيەتلەر بېجىرىلگەندىن كېيىن قانۇنلۇق قوروللۇش دەپ بېكىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ قوروللۇش شەھەر پىلانىغا زور تەسىر يەتكۈزگەن بولسا، پىلانلاشقا مەسئۇل تارماقلار قوروللۇشنى توختىتىشقا، سۈرۈك ئىچىدە چېقىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ ياكى قانۇنسىز قوروللۇش، قورۇلما ۋە باشقا ئەسلىھەلىرىنى مۇسادىرە قىلىدۇ ھەم ئۇنى يىغىۋېلىشتا تۆلەم بېرىلمەيدۇ.

**107. پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە تىجارەت ئىشلىرىغا يەر ئېلىش دېگەن نېمە؟ بۇ ھەقتە قانۇندا قانداق بەلگىلىمىلەر بار؟**

پاراۋانلىق ئىشلىرىغا يەر ئېلىش دېگىنىمىز، جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا، جامائەت مۇئەسسەسەلىرى قوروللۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئادەتتە ئۇ ئاساسلىقى، دۆلەت ئورگانلىرى، ھەربىي ئىشلار، شەھەر ئۇل ئەسلىھەلىرى، پاراۋانلىق، دۆلەت نۇقتىلىق يار - يۆلەك بولىدىغان ئېنېرگىيە، قاتناش، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان يەر ۋە قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا ئىشلارغا كېرەكلىك يەرلەر، مەسىلەن، دۆلەت ئورگانلىرى قوروللۇشى، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەت بىناسى، شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ، توك ،گاز، پار قاتارلىق ئەسلىھەلەرگە

ئىشلىتىلىدىغان يەرلەر، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە، پەن - تېخنىكا، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەر، مۇھىت تازىلىقى، ئوت ئۆچۈرۈش، پوچتا ئىشلىرى ۋە خەلق مەيدانى، ئومۇمنىڭ يېشىللاشتۇرۇش يېرى، داڭلىق مەنزىرىلىك جايلارغا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەر، ھەربىي ئەسلىھەلەر، چەتئەللەرنىڭ دۆلىتىمىزدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرى، كونسۇلخانىلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەر، دىنىي ئىشلار، تۇرمە، ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش ئورۇنلىرى، قەبرىستانلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يەرلەر ئادەتتە پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلمايدۇ.

تىجارەت يېرى ئادەتتە بارلىق سودا - تىجارەت پائالىيەتلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. جامائەت مەنپەئەتى ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرى ئېھتىياجى بىلەن ئېلىنىدىغان يەرگە نىسبەتەن يەر ئېلىش باھاسىنى بېكىتىشتە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆلەم ئۆلچىمى ۋە مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. تىجارەتكە ئىشلىتىلىدىغان يەرنى ھۆكۈمەتنىڭ يەر ئېلىش دائىرىسىدىن تەدرىجىي چېكىندۈرۈپ، بازار قائىدىسى بويىچە ھەرىكەتچان بولۇش يولغا قويۇلۇپ، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشىشتە، خېرىدار چاقىرىش، كىم ئارتۇق سودىسى قىلىپ سېتىش، تاختاي ئېسىش، ھەقلىق بېرىش تۈزۈمى ئورنىتىلىدۇ ۋە تېرىلغۇ يەرنى قوغداش قانۇنى ۋە سىياسەتلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ.

**108. يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ ئىگىسى بىلەن ئىجارە ئالغۇچى ئىجارە مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىش جەھەتتە كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «شەھەر ئۆيلىرىنى چېقىش -

كۆچـۈرۈشنى باشـقۇرۇش نىزامـى» نى يولـغـا قويۇش تـەپـسىلـىـي قائىدىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىجارىگە بېرىلگـەن ئۆيلەرنى يىغىۋېلىشتا، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى بىلەن ئۆي ئىجارە ئالغۇچى ئىجارە مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىش جەھـەتتە كېلىشىم ھاسىل قىلالمىسا، تۆۋەندىكى ئۇسۇل بويىچە تۆلەمگە ئېرىشىدۇ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ:

(1) ئۆي ئىجارە ئالغۇچى بىۋاسىتە باشقۇرۇلۇۋاتقان ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتقان ھەمدە ئەرزان تۇرالغۇ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلگەن بولسا، ئۆي ئالغۇچى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىغا ئۆي - مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشى كېرەك، ئالماشتۇرۇپ بېرىلگەن ئۆيىنى ئەسلىي ئۆي ئىجارە ئالغۇچى ئىجارە ئالىدۇ.

(2) ئۆز خىزمەت ئورنىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ۋە ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى پۇل تۆلەم بېرىش ئۇسۇلىنى تاللىغان بولسا، ئۆي ئالغۇچى تۆلەم پۇلنىڭ 80% نى ئۆي ئىجارە ئالغۇچىغا، 20% نى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىغا بېرىشى كېرەك، ئىجارىگە بەرگەن - ئالغان ئىككى تەرەپنىڭ ئايرىم كېلىشىمى بارلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

**109. سېتىۋېلىنغان ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيى، ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆيلەر ياكى يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ھەقسىز ئىگە بولغان تۇرالغۇ ئۆيلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈشتە تۆلەم بېرىش قايسى ئۆلچەم بويىچە بولىدۇ؟**

سېتىۋېلىنغان ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيى، ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆيلەر ياكى يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ھەقسىز ئىگە بولغان تۇرالغۇ ئۆيلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈشتە، ئۆي ئالغۇچى ئۆي - زېمىن بازىرىدا باھالانغان باھا بويىچە ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىغا تۆلەم بېرىشى كېرەك. تۆلەم بېرىش باھاسى شۇ جايدىكى ئەرزان،

قولايلىق ئۆيلەرنىڭ باھاسى ياكى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى شۇ جايدىكى ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولسا، شۇ جايدىكى ئەرزان، قولايلىق ئۆيلەرنىڭ باھاسى ۋە ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى ئۆلچىمى بويىچە تۆلەم بېرىشى ۋە ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە تۆلەم بېرىلگەندىن كېيىن، ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا مادارى يەتمىسە ھەمدە چېقىلغان ئۆي پاراۋانلىق تۇرلىرىگە ئىشلىتىلسە، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئىجارە ھەققى ئەرزان ئۆي بىلەن تەمىنلەپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ؛ چېقىلغان ئۆي ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى قاتارلىق تىجارەت خاراكتېرلىك تۈرلەرگە ئىشلىتىلسە، ئۆي ئالغۇچى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىنى ئاساسىي ئەسلىھە شارائىتى بار ئۆي بىلەن تەمىنلەپ ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

**110. ئۆي ئىجارىگە بەرگۈچى ئىجارىگە بېرىپ بولغان ئۆينى خالىغانچە ئۈچىنچى بىر كىشىگە ئىجارىگە بېرىۋەتكەندە قانداق قىلىش كېرەك؟**

ئىككى تەرەپ ئۆي ئىجارىگە ئېلىش، ئۆي ئىجارىگە بېرىش توختامى تۈزىشىپ، توختام ۋاقتى توشمىغان مەزگىلدە، ئۆي ئىگىسى خالىغانچە ئۆينى ئۈچىنچى كىشىگە ئىجارىگە بەرگەندە، ئەسلىدىكى ئىجارىگە ئالغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ، قانۇن بويىچە ئىجارىگە ئالغۇچىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

**111. ئىجارە مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولغان ئۆيلەرنىڭ يىغىۋېلىش كېلىشىمى قانداق تۈزۈلىدۇ؟**

قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، يىغىۋېلىش خىزمىتى جەريانىدا، ئەگەر چېقىلىدىغان ئۆيلەرنى

ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغۇچى بىلەن ئۆي ئىجارە بەرگۈچى ئىجارە مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلغان ياكى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى ئۆي ئىجارە ئالغۇچىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، ئۆي ئالغۇچى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىغا تۆلەم بېرىدۇ. ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى بىلەن ئىجارە ئالغۇچى بۇ مەسىلىدە كېلىشىم ھاسىل قىلالمىغان بولسا، ئۆي ئالغۇچى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىغا ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ، مۈلۈك ھوقۇقى ئالماشتۇرۇلغان ئۆينى ئەسلى ئۆي ئىجارە ئالغۇچى داۋاملىق ئىجارە ئالسا بولىدۇ ھەمدە ئۆي ئىگىسى بىلەن قايتىدىن ئۆي ئىجارە توختامى تۈزىدۇ. بۇنىڭدا ئىجارە بەرگۈچىنىڭمۇ، ئىجارە ئالغۇچىنىڭمۇ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

**112. ئىجارە توختامى تۈزۈشمىگەن، ئىجارە ھەققىنىمۇ تاپشۇرمىغان ئولتۇرغۇچى تۆلەمگە ئېرىشەلەمدۇ؟**

قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆي ئىجارە توختامى تۈزۈشمىگەن، يەنە كېلىپ، ئىجارە پۇلىمۇ تاپشۇرمىغانلارنى «ئولتۇرغۇچى» دەپ قاراشقىلا بولىدۇ. ئولتۇرغۇچى بىلەن ئۆي ئىگىسى ئوتتۇرىسىدا قانۇندىكى ئۆي ئىجارە بېرىش ـ ئېلىشقا دائىر ھېچقانداق ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى شەكىللەنمىگەن، بۇنداق ئەھۋالدا، ئولتۇرغۇچىنىڭ ئۆي يىغىۋېلىش تۆلىمىگە ئېرىشىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ.

**113. يىغىۋېلىش دائىرىسى ئىچىدىكى ئۆينى ئىجارە ئالغۇچىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قانداق قوغدىلىدۇ؟**

قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، يىغىۋېلىش دائىرىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، مۇئەييەن سورۇك ئىچىدە شۇ دائىرىدىن ئۆي ئىجارە بېرىش ـ ئىجارە ئېلىش

ھەرىكىتى مەنئى قىلىنىدۇ، شۇڭا يىغىۋېلىش دائىرىسى بېكىتىلگەنلىكىنى ھەر ئىككى تەرەپ بىلگەن ئەھۋالدا كېڭەيتىلگەن ئىجارە بېرىش ـ ئېلىش كېلىشىمى قانۇنسىز كېلىشىمدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق ھەرىكەت قانۇن تەرىپىدىن قوغدالمايدۇ، شۇنداقلا بۇ ئۆيلەردە ئولتۇرغان ئىجارە ئالغۇچىلار ئۆينى بىكارلاشقا بۇيرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ يىغىۋېلىشنى ئۇرۇنلاشتۇرۇش ۋە تۆلەم ئېلىش ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆي ئىجارە بەرگۈچىلەرگە ئالدىن تاپشۇرغان ئۆي ئىجارە پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە زىياننى تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

**114. يىغىۋېلىش جەريانىدا ئادۋوكاتنىڭ قانداق رولى بار؟**

ئۆي يىغىۋېلىش جەريانى بىر قەدەر مۇرەككەپ، تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە چېتىلىدىغان قانۇني ھەرىكەت بولۇپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى سىياسەت ـ قانۇنلارغا بولغان چۈشەنچىسى تەكشى ئەمەس، شۇڭا ئۆي يىغىۋېلىش پائالىيىتى جەريانىدا ئاسانلا ماجىرا پەيدا بولىدۇ. ئادۋوكاتلار كەسپىي قانۇن خىزمەتچىسى سۈپىتى بىلەن ئۆي ئالغۇچى ياكى ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچىلارنى قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن مۇۋاپىق تەمىنلەپ، تورلۇق تالاش ـ تارتىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا تېگىشلىك رول ئوينايدۇ. كونكرېت قىلغاندا، ئۆي يىغىۋېلىش ھەرىكىتى جەريانىدا ئادۋوكاتلار تەرەپلەرنى تۆۋەندىكى مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ:

(1) بىر تەرەپنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قارشى تەرەپ بىلەن تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالايدۇ، گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىپ بېرىدۇ، قانۇني ئالاقە ـ ھۆججەتلەرنى يېزىپ بېرىدۇ؛

(2) تەرەپلەرگە دۆلەتنىڭ يىغىۋېلىش، تۆلەم بېرىش ۋە

ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن - سىياسەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ، توغرا مەسلىھەت بېرىدۇ. تەرەپلەرنىڭ بۇ ھەرىكەت جەريانىدىكى ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ؛

(3) كېسىم قىلىش، دەۋا قىلىش ئىشلىرىغا ۋاكالەتەن قاتنىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق تەرەپلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

قوشۇمچە (1)

# دۆلەت يېرىدىكى ئۆيلەرنى ئېلىش ۋە ئۆنىڭغا تولۇقلىما بېرىش نىزامى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ پەرمانى
590 ـ نومۇرلۇق

«دۆلەت دۆلەت يېرىدىكى ئۆيلەرنى ئېلىش ۋە ئۆنىڭغا تولۇقلىما بېرىش نىزامى» 2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ 141 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، ھازىر ئېلان قىلىندى، ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلسۇن.

زۇڭلى ۋېن جياباۋ
2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

## بىرىنچى باب ئومۇمىي پىرىنسىپ

1 ـ ماددا بۇ نىزام دۆلەت يېرىدىكى ئۆيلەرنى ئېلىش ۋە ئۆنىڭغا تولۇقلىما بېرىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، جامائەت مەنپەئەتىنى قوغداش، ئۆيى ئېلىنغان ئىگىدارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە چىقىرىلدى.

2 ـ ماددا جامائەت مەنپەئەتى ئېھتىياجى بىلەن، ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ دۆلەت يېرىدىكى ئۆيىنى ئېلىشتا، ئۆيى ئېلىنغان

ئىگىدارلار (تۆۋەندە ئۈيى ئېلىنغۇچى دېيىلىدۇ) غا ئادىل تولۇقلىما بېرىش كېرەك.

3 ـ **ماددا** ئۆي ئېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىشتە، قارار دېموكراتىك بولۇش، تەرتىپ توغرا بولۇش، نەتىجە ئاشكارا بولۇش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

4 ـ **ماددا** شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئۆي ئېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن ئۆي ئالغۇچى تارماق (تۆۋەندە ئۆي ئالغۇچى تارماق دېيىلىدۇ) ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئۆي ئېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش خىزمىتىنى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ.

شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمە ۋە شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن ئىش تەقسىماتى بويىچە ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئۆي ئېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

5 ـ **ماددا** ئۆي ئالغۇچى تارماق ئۆي ئېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىشتىكى كونكرېت خىزمەتلەرنى ئۆي ئېلىش ئىشىنى كونكرېت قىلغۇچى ئورۇنغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. ئۆي ئېلىش ئىشىنى كونكرېت قىلغۇچى ئورۇن پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلماسلىقى كېرەك.

ئۆي ئالغۇچى تارماق ئۆي ئېلىش ئىشىنى كونكرېت قىلغۇچى ئورۇننىڭ ھاۋالە قىلىنغان دائىرىدىكى ئۆي ئېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتى ئۈچۈن قانۇن جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

6 - **ماددا** يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆي ئېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك.

گوۋۇيۈەنىنىڭ تۈرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى مەسئۇل تارمىقى ۋە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى مەسئۇل تارمىقى تەڭ دەرىجىلىك مالىيە، زېمىن بايلىقى، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئۆي ئېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك.

7 - **ماددا** ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخس بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارنى ئالاقىدار خەلق ھۆكۈمىتى، ئۆي ئالغۇچى تارماق ۋە باشقا ئالاقىدار ئورۇنلارغا پاش قىلىشقا ھوقۇقلۇق. پاش قىلىش ماتېرىيالىنى تاپشۇرۇۋالغان ئالاقىدار خەلق ھۆكۈمىتى، ئۆي ئالغۇچى تارماق ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلار ئۇنى ۋاقتىدا ئېنىقلىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

مەمۇرىي تەپتىش ئورگىنى ئۆي ئېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش خىزمىتىگە قاتناشقان ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلار ياكى ئورۇنلار شۇنىڭدەك ئۇنىڭ خادىملىرىغا بولغان مەمۇرىي تەپتىشلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك.

## ئىككىنچى باب ئۆي ئېلىش قارارى

8 - **ماددا** دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئېھتىياجىنى، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جامائەت مەنپەئەتى ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىدە ئۆي ئېلىش ھەقىقەتەن زۆرۈر بولسا، شەھەر،

ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆزى ئىلىش قارارى چىقىرىدۇ.

(1) دۆلەت مۇداپىئەسى ئېھتىياجى ۋە دىپلوماتىيە ئېھتىياجى؛

(2) ھۆكۈمەت تەشكىللەپ يولغا قويغان ئېنېرگىيە، قاتناش، سۇچىلىق قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئېھتىياجى؛

(3) ھۆكۈمەت تەشكىللەپ يولغا قويغان پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، مۇھىت ۋە بايلىق ئاسراش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، شەھەر مەمۇرىيىتى قاتارلىق جامائەت ئىشلىرى ئېھتىياجى؛

(4) ھۆكۈمەت تەشكىللەپ يولغا قويغان كاپالەتلىك ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشى ئېھتىياجى؛

(5) شەھەر - يېزا يېرىك پىلانى قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، ھۆكۈمەت تەشكىللەپ يولغا قويغان خەتەرلىك ئۆي كۆپ، ئۇل ئەسلىھەلىرى قالاق جايلاردىكى كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش ئېھتىياجى؛

(6) قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا جامائەت مەنپەئەتى ئېھتىياجى؛

9 - ماددا مۇشۇ نىزامنىڭ 8 - ماددىسى بويىچە، ھەقىقەتەن ئۆي ئېلىش زۆرۈر بولغان قۇرۇلۇش پائالىيەتلىرى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يېرىك پىلانى، يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى، شەھەر - يېزا يېرىك پىلانى ۋە مەخسۇس يېرىك پىلانغا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. كاپالەتلىك ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشى، كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈش كېرەك.

خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىرىك پىلانى، يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى، شەھەر ـ يېزا يىرىك پىلانى ۋە مەخسۇس يىرىك پىلانلارنى تۈزۈشتە، جامائەتتىن كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىش ۋە ئىلمىي دەلىللەش كېرەك.

**10 ـ ماددا** ئۆي ئالغۇچى تارماق ئۆي ئېلىش، تولۇقلىما بېرىش لايىھەسىنى تەييارلاپ، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللىشى كېرەك.

شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ، ئۆي ئېلىش، تولۇقلىما بېرىش لايىھەسىنى دەلىللىشى ھەمدە ئېلان قىلىپ، جامائەتنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك. پىكىر ئېلىش ۋاقتى 30 كۈندىن كەم بولسا بولمايدۇ.

**11 ـ ماددا** شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پىكىر ئېلىش ئەھۋالىنى ۋە جامائەتنىڭ پىكرى بويىچە تۈزىتىش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىشى كېرەك.

كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش ئېھتىياجى بىلەن ئۆي ئالغاندا، كۆپ ساندىكى ئۆيى ئېلىنغۇچىلار ئېلىش، تولۇقلىما بېرىش لايىھەسىنى بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارىسا، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆيى ئېلىنغۇچىلار ۋە جامائەت ۋەكىللىرى قاتناشقان ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئېچىشى ھەمدە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن لايىھەنى تۈزىتىشى كېرەك.

**12 ـ ماددا** شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆي ئېلىش قارارى چىقىرىشتىن ئىلگىرى، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئىجتىمائىي مۇقىملىق جەھەتتىكى خەۋپ ـ خەتەرنى باھالىشى كېرەك. ئۆي ئېلىش قارارىدا بېكىتىلگەن ئۆيى

ئىلىنغۇچىلارنىڭ سانى كۆپرەك بولسا، ھۆكۈمەت دائىمىي يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش كېرەك.

ئۆي ئېلىش قارار چىقىرىشتىن ئىلگىرى، ئۆي ئېلىش تولۇقلىما پۇلىنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەخسۇس ئىسچوتتا ساقلاش، جايىغا ئىشلىتىش كېرەك.

**13 ـ ماددا** شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆي ئېلىش قارارى چىقارغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا ئېلان چىقىرىشى كېرەك. ئېلانغا تولۇقلىما بېرىشى لايىھەسى، مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش، مەمۇرىي دەۋا ھوقۇقى قاتارلىق ئىشلارنى يېزىش كېرەك.

شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇنىڭدەك ئۆي ئالغۇچى تارماق ئۆي ئېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىشكە دائىر تەشۋىقات، چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

ئۆي قانۇن بويىچە ئېلىنغاندا دۆلەت يېرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىمۇ قايتۇرۇۋېلىنىدۇ.

**14 ـ ماددا** ئۆيى ئېلىنغۇچىلاردىن شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆي ئېلىش قارارىغا قايىل بولمىغانلىرى قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، قانۇن بويىچە مەمۇرىي دەۋا قىلسىمۇ بولىدۇ.

**15 ـ ماددا** ئۆي ئالغۇچى تارماق ئېلىنىدىغان دائىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكى، ئورنى، ئىشلىتىلىشى، قۇرۇلۇش كۆلىمى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ تىزىملىشى، ئۆيى ئېلىنغۇچىلار ماسلىشىشى كېرەك. تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئۆي ئېلىنىدىغان دائىرىدىكى ئۆيى ئېلىنغۇچىلارغا ئېلان قىلىشى كېرەك.

**16 ـ ماددا** ئۆي ئېلىش دائىرىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۆي ئېلىش دائىرىسىدىن يېڭىدىن سېلىش، كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش،

ئىشلىتىلىشىنى ئۆزگەرتىشتەك تولۇقلىما پۇلىنى نامۇۋاپىق كۆپەيتىۋېتىدىغان ھەرىكەتلەرگە يول قويۇلمايدۇ. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا تولۇقلىما بېرىلمەيدۇ.

ئۆي ئالغۇچى تارماقلار ئالدىنقى تارماقتا ئېيتىلغان ئىشلاردا ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشنى تۇختىتىپ تۇرۇشنى ئالاقىدار تارماققا يازما ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك. ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشنى توختىتىپ تۇرۇش ھەققىدىكى يازما ئۇقتۇرۇشتا بېجىرىشنى توختىتىپ تۇرۇش ۋاقتىنى ئېنىق يېزىش كېرەك. توختىتىپ تۇرۇش ۋاقتى ئۇزاق بولغاندا بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

## ئۈچىنچى باب تولۇقلىما

**17 ـ ماددا** ئۆي ئېلىش قارارى چىقارغان شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆيى ئېلىنغۇچىغا بېرىدىغان تولۇقلىما تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئېلىنغان ئۆينىڭ قىممىتىگە بېرىلىدىغان تولۇقلىما؛

(2) ئۆي ئېلىش سەۋەبىدىن بېرىلىدىغان كۆچۈرۈش، ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش تولۇقلىمىسى؛

(3) ئۆي ئېلىنغانلىقتىن كېلىپ چىققان ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى توختىتىش زىيىنىغا بېرىلىدىغان تولۇقلىما؛

شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياردەم پۇل بېرىش ۋە مۇكاپاتلاش چارىسىنى تۈزۈپ، ئۆيى ئېلىنغۇچىلارغا ياردەم پۇل ۋە مۇكاپات بېرىشى كېرەك.

**18 ـ ماددا** شەخسىي ئۆيى ئېلىنىدىغانلاردىن ئۆي كاپالەت شەرتىگە توشىدىغانلىرىنى ئۆي ئېلىش قارارى چىقارغان شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاۋۋال ئۆي كاپالىتىگە ئىگە

قىلىشى كېرەك. كونكرېت چارىسىنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر چىقىرىدۇ.

**19 ـ ماددا** ئېلىنغان ئۆيىنىڭ قىممىتىگە بېرىلىدىغان تولۇقلىما ئېلىنغان ئۆي بىلەن ئوخشاش ئۆي ـ زېمىنىنىڭ ئۆي ئېلىش قارارى ئېلان قىلىنغان كۈندىكى بازار باھاسىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك. ئېلىنغان ئۆيىنىڭ قىممىتىنى مۇناسىپ ساپاغا ئىگە ئۆي ـ زېمىن باھاسىنى باھالاش ئاپپاراتى ئېلىنىدىغان ئۆينى باھالاش چارىسى بويىچە باھالاپ بېكىتىدۇ.

ئېلىنغان ئۆيىنىڭ باھالاپ بېكىتىلگەن قىممىتىگە باشقىچە پىكرى بارلار ئۆي ـ زېمىن باھاسىنى باھالاش ئاپپاراتىغا قايتا باھالاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. قايتا باھالاش نەتىجىسىگە باشقىچە پىكرى بارلار ئۆي ـ زېمىن باھاسىنى باھالاش مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىغا بېكىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

ئېلىنىدىغان ئۆينى باھالاش چارىسىنى گوۋۇيۈەنىنىڭ تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ بازار قۇرۇلۇشى مەسئۇل تارمىقى چىقىرىدۇ، ئۇنى چىقىرىشتا جەمئىيەتتىن ئاشكارا پىكىر ئېلىش كېرەك.

**20 ـ ماددا** ئۆي ـ زېمىن باھاسىنى باھالاش ئاپپاراتىنى ئۆيى ئېلىنغۇچىلار كېڭىشىپ تاللايدۇ؛ كېلىشەلمىسە، كۆپ سانلىق قارار قىلىش، ئىختىيارىي تاللاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ، كونكرېت چارىسىنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر چىقىرىدۇ.

ئۆي ـ زېمىن باھاسىنى باھالاش ئاپپاراتى ئېلىنىدىغان ئۆينى باھالاش خىزمىتىنى مۇستەقىل، ئوبيېكتىپ، ئادىل ئىشلىشى كېرەك، ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ئارىلىشىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

21 ـ ماددا  ئۆيى ئىلىنغۇچى تولۇقلىما ھېسابىغا پۇل ئالسىمۇ، ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تاللىسىمۇ بولىدۇ.

ئۆيى ئىلىنغۇچى ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تاللىغان بولسا، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مۈلۈك ھوقۇقى ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدىغان ئۆيلەردىن بېرىشى ھەمدە ئىلىنىدىغان ئۆينىڭ قىممىتى بىلەن مۈلۈك ھوقۇقى ئالماشتۇرۇلىدىغان ئۆينىڭ قىممىتى ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقىنى ئۆيى ئىلىنغۇچى بىلەن ھېسابلىشىپ، ھېساب ئۈزۈشى كېرەك.

كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن شەخسىي ئۆي ئىلىنىشتا، ئۆيى ئىلىنغۇچى ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆزگەرتىلىدىغان جايغا سېلىنغان ئۆيگە ئالماشتۇرۇشنى تاللىغان بولسا، ئۆي ئىلىش قارارى چىقارغان شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆزگەرتىلىدىغان جايغا ياكى يېقىن جايغا سېلىنغان ئۆيدىن بېرىشى كېرەك.

22 ـ ماددا  ئۆي ئىلىش سەۋەبىدىن ئۆيى ئىلىنغۇچى كۆچىدىغان بولسا، ئۆي ئالغۇچى تارماق كۆچۈش ھەققى بېرىشى كېرەك؛ ئۆي ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇشنى تاللىغان بولسا، مۈلۈك ھوقۇقى ئالماشتۇرۇلغان ئۆي پۈتۈشتىن بۇرۇن، ئۆي ئالغۇچى تارماق ئۆيى ئىلىنغۇچىغا ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش پۇلى بېرىشى ياكى ئوبوروت ئۆي بېرىشى كېرەك.

23 ـ ماددا  ئۆي ئىلىش سەۋەبىدىن ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتىن توختاپ قېلىپ بولغان زىيان تۆلىمى ئۆي ئىلىنىشتىن بۇرۇنقى پايدا، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت توختىغان ۋاقىت قاتارلىق ئامىللارغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. كونكرېت چارىسىنى

ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر چىقىرىدۇ.

**24 ـ ماددا** شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى قۇرۇلۇش ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشى، شەھەر ـ يېزا يىرىك پىلانىغا خىلاپ قۇرۇلۇش قىلغانلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆي ئېلىش قارارى چىقىرىشتىن بۇرۇن، ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ، ئېلىنىدىغان دائىرىدىكى تىزىملانمىغان ئىمارەتلەرنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈشى، بېكىتىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. قانۇنلۇق ئىمارەت ۋە تەستىق مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتمىگەن ۋاقىتلىق ئىمارەت دەپ بېكىتىلگەنلىرىگە تولۇقلىما بېرىشى كېرەك؛ قانۇنغا خىلاپ ئىمارەت ۋە تەستىق مۇددىتى ئېشىپ كەتكەن ۋاقىتلىق ئىمارەت دەپ بېكىتىلگەنلىرىگە تولۇقلىما بەرمەسلىكى كېرەك.

**25 ـ ماددا** ئۆي ئالغۇچى تارماق بىلەن ئۆيى ئېلىنغۇچى مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمە بويىچە، تولۇقلىما بېرىش ئۇسۇلى، تولۇقلىما سوممىسى ۋە ئۇنى بېرىش ۋاقتى، مۈلۈك ھوقۇقى ئالماشتۇرۇلىدىغان ئۆينىڭ ئورنى ۋە كۆلىمى، كۆچۈش ھەققى، ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققى ياكى ئوبوروت ئۆي، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت توختاپ قېلىشتىن كېلىپ چىققان زىيان، كۆچۈش مۆھلىتى، ئۆتكۈنچى ئۇسۇل ۋە ئۆتكۈنچى مۆھلەت قاتارلىق ئىشلار ھەققىدە تولۇقلىما بېرىش كېلىشىمى تۈزۈشى كېرەك.

تولۇقلىما بېرىش كېلىشىمى تۈزۈلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپ تولۇقلىما بېرىش كېلىشىمىدە پۈتۈشكەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا، يەنە بىر تەرەپ قانۇن بويىچە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

**26 ـ ماددا** ئۆي ئالغۇچى تارماق بىلەن ئۆيى ئېلىنغۇچى ئۆي ئېلىش، تولۇقلىما بېرىش لايىھەسىدە بېكىتىلگەن كېلىشىم تۈزۈش مۆھلىتىدە تولۇقلىما بېرىش كېلىشىمى تۈزۈشەلمىسە ياكى ئېلىنىدىغان ئۆينىڭ ئىگىدارى ئېنىق بولمىسا، ئۆي ئالغۇچى تارماق ئۆي ئېلىش قارارى چىقارغان شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمە ۋە ئېلىش، تولۇقلىما بېرىش لايىھەسى بويىچە تولۇقلىما بېرىش قارارى چىقىرىشنى ھەمدە ئۆي ئېلىش دائىرىسىدە ئېلان چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

تولۇقلىما بېرىش قارارى ئادىل بولۇشى، ئۇنىڭدا مۇشۇ نىزامنىڭ 2 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدا بەلگىلەنگەن تولۇقلىما بېرىش كېلىشىمىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بولۇشى كېرەك.

ئۆيى ئېلىنغۇچىلاردىن تولۇقلىما بېرىش قارارىغا قايىل بولمىغانلىرى قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، قانۇن بويىچە مەمۇرىي دەۋا قىلسىمۇ بولىدۇ.

**27 ـ ماددا** ئۆي ئېلىشتا ئاۋۋال تولۇقلىما بېرىپ، ئاندىن كۆچۈرۈش كېرەك.

ئۆي ئېلىش قارارى چىقارغان شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆيى ئېلىنغۇچىغا تولۇقلىما بەرگەندىن كېيىن، ئۆيى ئېلىنغۇچى تولۇقلىما بېرىش كېلىشىمىدە پۈتۈشكەن ياكى تولۇقلىما بېرىش قارارىدا بېكىتىلگەن مۆھلەتتە كۆچۈپ بولۇشى كېرەك.

ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى ياكى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا سۇ، پار، گاز، توكنى ئۈزۈۋېتىش ۋە يولنى توسۇۋېتىش قاتارلىق قانۇنسىز ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆيى ئېلىنغۇچىنى كۆچۈشكە مەجبۇرلىشىغا

يول قويۇلمايدۇ. قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇننىڭ كۆچۈرۈشكە ئارىلىشىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

28 ـ ماددا ئۆيى ئېلىنغۇچى قانۇندا بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا ياكى مەمۇرىي دەۋا قىلمىسا، تولۇقلىما بېرىش قارارىدا بەلگىلەنگەن مۆھلەتتىمۇ كۆچمىسە، ئۆي ئېلىش قارارى چىقارغان شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلىدۇ.

مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىش ئىلتىماسىغا تولۇقلىما سوممىسى ۋە مەخسۇس ئىسچوت نومۇرى، مۈلۈك ھوقۇقى ئالماشتۇرۇلىدىغان ئۆي ۋە ئوبوروت ئۆينىڭ ئورنى، كۆلىمى قاتارلىقلارغا دائىر ماتېرىياللارنى قوشۇمچە قىلىش كېرەك.

29 ـ ماددا ئۆي ئالغۇچى تارماق ئۆي ئېلىش تولۇقلىمىسى بېرىش ئارخىپىنى قانۇن بويىچە تۇرغۇزۇشى ھەمدە ھەربىر ئائىلىگە تولۇقلىما بېرىش ئەھۋالىنى ئۆي ئېلىش دائىرىسىدىكى ئۆيى ئېلىنغۇچىلارغا ئېلان قىلىشى كېرەك.

ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ئۆي ئېلىش تولۇقلىما پۇلىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش ئەھۋالىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشى ھەمدە تەپتىش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىشى كېرەك.

## تۆتىنچى باب قانۇن جاۋابكارلىقى

30 ـ ماددا شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۆي ئالغۇچى ئورۇننىڭ خادىملىرىدىن ئۆي ئېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىشتە بۇ نىزامدا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان ياكى خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلانغان، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلەيدۇ؛ زىيان سالغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمى ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا قانۇن بويىچە چارە كۆرىدۇ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

31 ـ ماددا زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ياكى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا سۇ، پار، گاز، توكنى ئۈزۈۋېتىش ۋە يولنى توسۇۋېتىش قاتارلىق قانۇنسىز ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆيى ئېلىنغۇچىنى كۆچۈشكە مەجبۇرلاپ زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىم ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلاردىن جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەنلىرىگە قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلىدۇ. ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغانلارغا قانۇن بويىچە ئامانلىق باشقۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ.

32 ـ ماددا قانۇن بويىچە ئىشلىنىۋاتقان ئۆي ئېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش خىزمىتىگە زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلغانلاردىن جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغانلىرىغا قانۇن بويىچە ئامانلىق باشقۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ.

33 ـ ماددا تولۇقلىما پۇلىنى خىيانەت قىلغان، ئىشلىتىۋالغان، بۆلۈشۈۋالغان، قىسىپ قالغان، نېسى قىلغانلار تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ، مۇناسىۋەتلىك پۇل قايتۇرۇۋېلىنىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەت بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە قايتۇرغۇزۇلىدۇ، ئالاقىدار جاۋابكار ئورۇن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ

تەنقىدلىنىدۇ، ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ؛ زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىم ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلاردىن جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەنلىرىگە قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلىدۇ.

**34 ـ ماددا** ئۆي ـ زېمىن باھاسىنى باھالىغۇچى ئاپپارات ياكى ئۆي ـ زېمىن باھالىغۇچىلاردىن ساختا ياكى زور خاتالىق بار باھالاش دوكلاتى چىقارغانلىرىنى گۇۋاھنامە بەرگەن ئورگان بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، ئۆي ـ زېمىن باھاسىنى باھالىغۇچى ئاپپاراتقا قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، ئۆي ـ زېمىن باھالىغۇچىغا 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئىناۋەت ئارخىپىغا خاتىرىلەپ قويىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ سالاھىيىتى ۋە رويخەت گۇۋاھنامىسىنى بىكار قىلىدۇ؛ زىيان سالغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

## بەشىنچى باب قوشۇمچە پىرىنسىپ

**35 ـ ماددا** بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. گوۋۇيۈەن 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئېلان قىلغان «شەھەر ئۆيلىرىنى چېقىش ـ كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش نىزامى» بىكار قىلىنىدۇ. بۇ نىزام يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن قانۇن بويىچە ئۆي چېقىش ـ كۆچۈرۈش ئىجازەتنامىسى ئېلىنغان تۈرلەر ئەسلىي بەلگىلىمە بويىچە بولۇۋېرىدۇ. لېكىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلارنى مەجبۇرىي چېقىش ـ كۆچۈرۈشكە بۇيرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

قوشۇمچە (2)

# «دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرگە سېلىنغان ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش نىزامى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر

«دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرگە سېلىنغان ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش نىزامى» (گوۋۇيۈەننىڭ 590 ـ نومۇرلۇق پەرمانى، تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» دېيىلىدۇ) نى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرگە سېلىنغان ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ، جامائەت مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئۆيلىرى قايتۇرۇۋېلىنغان كىشىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى يېتەكچى پىكىر مۇزاكىرە قىلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

**بىرىنچى، «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالاقىدار يۇرۇشلۇق سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.**

1. ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» نىڭ روھىي ماھىيىتىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك.

«قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» دا ئەسلىدىكى ئۆينى چېقىش ـ

كۆچۈرۈش تۈزۈمىگە زور ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، چىقىش ـ كۆچۈرۈش مەمۇرىي ئىجازىتى، چىقىش ـ كۆچۈرۈشكە تولۇقلىما بېرىش مەمۇرىي كېسىمى ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن مەجبۇرىي چىقىش ـ كۆچۈرۈش قاتارلىق تۈزۈملەردىن باشقا، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا جامائەت مەنپەئەتى دائىرىسىدە چەك قويۇلۇپ، جامائەت مەنپەئەتى ئېھتىياجلىق بولغاندا، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرگە سېلىنغان ئورۇن، شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىنى قانۇن بويىچە قايتۇرۇۋېلىپ، قايتۇرۇۋېلىنغان ئۆيلەرنىڭ مۈلۈك ئىگىسىگە باراۋەر تولۇقلىما بەرسە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. شەھەر، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋالىدىغان تارماقلار «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى ئەستايىدىل تەشكىللەپ، «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» نىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش روھىنى توغرا چۈشىنىپ، «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» دا تۇرغۇزۇلغان تۈرلۈك يېڭى تۈزۈملەرنى ئىگىلەپ، سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئۆيلىرى قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغان شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىنى تىرىشىپ بىرلەشتۈرۈشى؛ ئادىل بولغان تۆلەم بېرىش، تولۇقلىما بېرىش ۋە مۇكاپاتلاش تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشى، ئەسلىدىكى تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى؛ ئۆينى قايتۇرۇۋېلىش تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆينى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئاممىنى قاتناشتۇرۇش ۋە تۈرلۈك نازارەتچىلىك، يېتەكچىلىك خىزمىتى سالمىقىنى زورايتىپ، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغان شەخسلەرنىڭ بۇ خىزمەتنىڭ چىقىش

ئوقتىسىنى تولۇق چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جامائەت مەنپەئەتىگە چېتىشلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

2. ئۆيلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈشكە ئالاقىدار سىياسەت - بەلگىلىمىلەرنى ئېنىقلاپ، رەتلەشنى چىڭ تۇتۇپ، «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» نىڭ يولغا قويۇش خاراكتېرلىك بەلگىلىمىسىنى تۈزۈش كېرەك.

«قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» 2011 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىغان بولۇپ، گوۋۇيۈەننىڭ ئەسلىدىكى «شەھەرلەردىكى ئۆيلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹شەھەرلەردىكى ئۆيلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈش نىزامى› نى يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپى» ‹ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 127 - نومۇرلۇق پەرمانى› بىردەك بىكار قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق تۈرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى تۈزگەن «ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەرلەردىكى ئۆيلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» (2003) 12 - نومۇرلۇق، «ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەرلەردىكى ئۆيلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈش تۆلىمىنى باھالاش قائىدىسى (2003) 22 - نومۇرلۇق، «ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەرلەردىكى ئۆيلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈش مەمۇرىي كېسىمى قائىدىسى» (2003) 13 - نومۇرلۇقمۇ ئىجرا قىلىنىشتىن توختىتىلدى. ھەر قايسى جايلار ئۆز رايونى، ئۆز دائىرىسىدە ئېلان قىلىنغان شەھەرلەردىكى ئۆيلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار سىياسەت - بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئېنىقلاپ، رەتلەپ، ۋاقتىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ياكى تۈزىتىش كىرگۈزۈشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق تۈرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

سازارىتى، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش لايىھەسى، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى باھالاش ئاپپاراتلىرىنى تاللاش، قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئۆيلەرنىڭ قىممىتىنى باھالاش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى توختىتىشتىن كېلىپ چىققان زىيانغا تۆلەپ بېرىش، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارغا كاپالەت خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي بېرىش قاتارلىق قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى جىددىي مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆينى چېقىش - كۆچۈرۈشكە تولۇقلىما بېرىش مەبلىغىنى باشقۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ، مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئاپتونوم رايوننىڭ «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» نى يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپىنى تۈزۈشكە سۇنۇشى كېرەك.

شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» دا بېرىلگەن ھوقۇققا ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا تولۇقلىما بېرىش ۋە مۇكاپاتلاش چارىسى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ، ئۆيلىرى قايتۇرۇۋېلىنغانلارنى مۇكاپاتلاپ ۋە ئۇلارغا تولۇقلىما بېرىپ، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش تۈزۈمىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

**ئىككىنچى، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش سۇبيېكتىنى قانۇن بويىچە بېكىتىپ، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى يولغا قويىدىغان ئاپپاراتلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك.**

3. ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش سۇبيېكتى ۋە ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋالىدىغان تارماقلارنى قانۇن بويىچە بېكىتىش كېرەك.

شەھەر (ئاپتونوم ئوبلاست)، ناھىيە (رايون) لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرگە سېلىنغان ئۆيلەرنى

قايتۇرۇۋېلىش سۈيىيېكتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دېيىلىدۇ). ھۆكۈمەتنىڭ ۋاكالەتچى ئاپپاراتلىرى (تۈرلۈك ئېچىش رايونلىرى، سانائەت رايونلىرى، چېگرا ئېغىزى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە بازار، كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ھەممدە مەھەللە، ئاھالىلەر كومىتېتى قاتارلىق ئاھالىلەر ئاپتونومىيە تەشكىلاتلىرى «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» دا بەلگىلەنگەن ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش سۈيىيېكتلىق سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس.

شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەسئۇلىيەت بىلەن ھوقۇق بىردەك بولۇش، ئىخچام، ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپى بويىچە، ئۆز جايىنىڭ ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ۋەزىپىسى، ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرغۇچى خادىملىرىنىڭ ساپاسى، باشقۇرۇش ۋاستىسى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن، ئۆز شەھەر، ناھىيەسىنىڭ ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش تارماقلىرىنى تېزرەك بېكىتىشى كېرەك. ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش تارماقلىرى تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، دۆلەت زېمىن بايلىقى، تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە، مۇھىت ئاسراش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەپتىش، مەمۇرىي تەپتىش قاتارلىق تارماقلارنى ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان بولۇشى، مۇناسىپ قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى مۇستەقىل ئۈستىگە ئالالايدىغان بولۇشى كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ ۋاكالەتچى ئاپپاراتلىرى ۋە بازار، كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى، شۇنىڭدەك مەھەللە، ئاھالىلەر كومىتېتى

قاتارلىق ئاھالىلەر ئاپتونومىيە تەشكىلاتلىرى ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش تارماقلىرىنىڭ بىر تۇتاش تەشكىللىشى بىلەن ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش خىزمىتىنى ماسلىشىپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

4. ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى يولغا قويىدىغان ئورۇنلارغا قانۇن بويىچە ھاۋالە قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ زامانىۋى سانائەتلەشتۈرۈش، يېڭى تىپتىكى شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش مۇساپىسىگە ئەگىشىپ، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتى شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك دائىملىق خىزمىتىگە ئايلىنىدۇ. قايتۇرۇۋېلىش ۋەزىپىسى بىرقەدەر ئېغىر شەھەر، ناھىيەلەردىكى ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش تارماقلىرى ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش بىلەن تۈلەم بېرىشكە ئائىت كونكرېت خىزمەتلەرنى ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتىنى يولغا قويىدىغان ئورۇنلارغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى يولغا قويىدىغان ئورۇنلار راسخوتى مالىيەدىن تولۇق ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە ئورۇنلار بولۇشى كېرەك. ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋالىدىغان تارماقلار ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش بىلەن تۆلەم بېرىشنىڭ كونكرېت خىزمەتلىرىنى تۈر قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل ئورۇن ۋە شىركەت، كارخانا قاتارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارغا ھاۋالە قىلسا بولمايدۇ.

ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋالىدىغان تارماقلار ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتىنى يولغا قويىدىغان ئورۇنلارغا ھاۋالە قىلىشتا، يازما ھاۋالىنامە تاپشۇرۇشى كېرەك. ھاۋالە ھۆججىتىگە ھاۋالە قىلغۇچى، ھاۋالە قىلىنغۇچى، ھاۋالە قىلىنىدىغان ئىش تۈرى،

ھاۋالىنىڭ ھوقۇق چېكى ۋە ھاۋالە مۇددىتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئېنىق كىرگۈزۈشى كېرەك؛ ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش تارماقلىرى ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى يولغا قويىدىغان ئورۇنلارنىڭ ھاۋالە قىلغان دائىرە ئىچىدە يولغا قويغان ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە تۆلەم بېرىش ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە قارىتا قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**ئۈچىنچى، قايتۇرۇۋېلىش تۈرلىرىگە قاتتىق چەك قويۇپ، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا تۆلەم بېرىش لايىھەسىنى مۇۋاپىق تۈزۈپ، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى قارار قىلىش تەرتىپلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك.**

5. قايتۇرۇۋېلىش دائىرىسىنى قاتتىق ئىگىلەپ، قايتۇرۇۋېلىش كۆلىمى ۋە يولغا قويۇش تەرتىپىنى مۇۋاپىق بېكىتىش كېرەك.

ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ــ ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇن ۋە شەخسلەرنى ئۆي - مۈلۈك ھوقۇقى ۋە يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇرلاش ئارقىلىق، جامائەت مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى. شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش تۈرلىرىنى بېكىتكەندە، چوقۇم «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» دا بەلگىلەنگەن دائىرىدە قاتتىق چەك قويۇشى ھەمدە يەر ئىشلىتىش ئومۇمىي پىلانى، شەھەر - يېزا پىلانى ۋە تۈرلۈك مەخسۇس ئاھالىلەر ئاپتونومىيە تەشكىلاتلىرى، يېزا كوللېكتىپ تەشكىلاتلىرى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكەن، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشىنى بىر تۇتاش پىلانلاش، يەر باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلار ھوقۇق ھالقىپ تەستىقلىغان تارماق، ئورۇن، تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرمىگەن بولسا.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، تۆلەم ھەققىنى كۆپەيتىشكە بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ: بىرىنچى، قايتۇرۇۋېلىش ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئالاقىدار تارماقلار قانۇن بويىچە قانۇنسىز قۇرۇلۇش، دەپ قاراپ، چېقىپ تاشلاش ياكى مۇسادىرە قىلىش قارارى چىقارغان ئۆيلەر؛ ئىككىنچى، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋالىدىغان تارماقلار قايتۇرۇۋېلىش ئۇچۇن تەكشۈرۈپ تىزىملىغاندىن كېيىن، قانۇنغا خىلاپ سېلىنغان ئۆيلەر.

قانۇن ـ نىزاملاردا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۈزۈلگەن تىجارەت خاراكتېرلىك ئۆيلەرگە ئۆزگەرتىشكە مەمۇرىي تىجارەت قىلىش بويىچە تەستىقلاش شەرتىگە قارىتا بەلگىلىمە چىقىرىشتىن ئىلگىرى، دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرگە سېلىنغان، «غەيرىي تۈرالغۇ ئۆيلەرگە ئۆزگەرتىۋېلىنغان» ئۆيلەر ئەمەلىي ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا قاراپ باھالىنىدۇ ھەمدە ئۆي، يەر ـ مۈلۈك باھاسىنى باھالاش ئۆلچىمىگە ئاساسەن، ھوقۇق ئەھۋالى قاتارلىقلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، ئۆينىڭ قىممىتىگە بېرىلىدىغان تۆلەم بېكىتىلىدۇ.

6. ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش تۆلىمىنى توغرا ھېسابلاپ، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغانلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئۆيلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش تۆلىمى ئۆينىڭ قىممىتىگە بېرىلىدىغان تۆلەم، كۆچۈش ھەققى، ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققى، قايتۇرۇۋېلىنغانلىقتىن كېلىپ چىققان ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى توختىتىش زىيىنىغا بېرىلىدىغان تۆلەم ھەمدە شەھەر، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن تولۇقلىما ياردەم بېرىش، مۇكاپاتلاش چارىسىگە ئاساسەن، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارغا بېرىلىدىغان تولۇقلىما ياردەم ۋە مەبلەغنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەھەر، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بېكىتكەن تولۇقلىما بېرىش، مۇكاپاتلاش چارىسى ئوخشاش تۈرگە ئوخشاش تولۇقلىما بېرىش، مۇكاپاتلاش ئۆلچىمى بويىچە يولغا قويۇلۇشى كېرەك.

ئۆينىڭ قىممىتىگە بېرىلىدىغان تۆلەمنى توغرا ھېسابلاپ، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغانلار ھاۋالە قىلىپ باھالاتقان ئۆي قىممىتى بىلەن بىرقەدەر چوڭ پەرق كۆرۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆينى قايتۇرۇۋالىدىغان تارماقلار ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا تۆلەم بېرىش لايىھەسىنى بېكىتكەندە، ئۆي، يەر ـ مۈلۈكنى باھالاش ئاپپاراتلىرىغا قايتۇرۇۋېلىش دائىرىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئۆيلەرنى تاللاپ، مەسلىھەت بېرىش خاراكتېرلىك باھالاشنى ھاۋالە قىلىشى كېرەك. ناھىيە، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ئۆينى قايتۇرۇۋالىدىغان تارماقلار ۋە قايتۇرۇۋېلىشنى يولغا قويىدىغان ئورۇنلار ئۆي، يەر ـ مۈلۈكنى باھالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇستەقىل، ئوبيېكتىپ، ئادىل ھالدا باھالاش ئېلىپ بېرىشىنى قوللىشى كېرەك.

شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز جايىنىڭ ئۆي ئىجارە بازىرىدىكى باھاغا ئاساسەن، ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش تولۇقلىما ياردەم بېرىش ئۆلچىمىنى بېكىتىشى ۋە ئېلان قىلىشى كېرەك.

ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋالىدىغان تارماقلار بازاردىن سېتىۋېلىش، ئالدىنقى قارارلىق قۇرۇلۇشنى تەشكىللەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، مۈلۈك ھوقۇقىغا ئالماشتۇرۇلىدىغان ئۆيلەر، ۋاقىتلىق ئوبوروت ئۆيلەرنى كۆپ يوللار ئارقىلىق تەييارلىشى كېرەك.

مۈلۈك ھوقۇقىغا ئالماشتۇرۇلىدىغان ئۆيلەر، ۋاقىتلىق ئوبوروت ئۆيلەر دۆلەتنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىشى، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغانلارنىڭ ئەسلىدىكى ئولتۇراقلىشىش ۋە

ئىشلىتىش شارائىتىغا كاپالەتلىك قىلىنىشى كېرەك.

7. ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا تۆلەم بېرىش لايىھەسىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق بېكىتىپ، ئاممىنىڭ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇش، قاتنىشىش، تەكلىپ بېرىش هوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋالىدىغان تارماقلار بېكىتكەن ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا تولۇقلىما بېرىش لايىھەسى «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. قايتۇرۇۋېلىشقا تۆلەم بېرىش لايىھەسى قايتۇرۇۋېلىش ئىسپاتى، قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتى، قايتۇرۇۋېلىش دائىرىسى، تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلى، پۇل ئارقىلىق تۆلەم بېرىش ئۆلچىمى، مۈلۈك هوقۇقىغا ئالماشتۇرۇلىدىغان ئۆينىڭ ئورنى، ئۆلچىمى، قايتا كۆچۈپ كىرىش سۈرئىتى، ۋاقىتلىق ئورۇنلىشىش سۈرئىتى ھەمدە ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەق ئۆلچىمى، ۋاقىتلىق ئوبوروت ئۆي ئورنى، ئۆلچىمى، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتىن توختاش زىيىنىغا بېرىلىدىغان تۆلەمنى ھېسابلاش شەكلى ھەمدە تۆلەم ئۆلچىمى، تولۇقلىما ياردەم ۋە مۇكاپاتلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا تۆلەم بېرىش لايىھەسىدە جامائەت مەنپەئەتى ۋە ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ مەنپەئەتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئىلمىي، مۇۋاپىق، ئادىل، باراۋەر بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، دۆلەت زېمىن بايلىقى، تەرەققىيات - ئىسلاھات، مالىيە، مۇھىت ئاسراش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەپتىش، مەمۇرىي تەپتىش قاتارلىق تارماقلارنى تەشكىللەپ، قايتۇرۇۋېلىش بويىچە تۆلەم بېرىش لايىھەسىنىڭ

«قايتۇرۇۋېلىش تىزىمى» ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقى، قايتۇرۇۋېلىش دائىرىسى ۋە كۆلىمىنىڭ ئالاقىدار پىلان، لايىھەلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقى، ئىلمىي، مۇۋاپىق، يولغا قويغىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى، تۆلەم بېرىشنىڭ ئادىل، باراۋەر بولىدىغان - بولمىغانلىقى قاتارلىقلارنى دەلىللىشى ھەمدە قايتۇرۇۋېلىش دائىرىسىدىكىلەرگە ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى، پىكىر ئېلىش ۋاقتى 30 كۈندىن كەم بولماسلىقى كېرەك. شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۆيىنى قايتۇرۇۋالغۇچى تارماقلار ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، قايتۇرۇۋېلىش لايىھەسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈشى ھەمدە تۈزىتىش ئەھۋالىنى ئاممىغا ۋاقتىدا ئاشكارىلىشى كېرەك.

كونا شەھەر رايونلىرىنى ئۆزگەرتىش بويىچە ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشتا، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قايتۇرۇۋېلىش لايىھەسى «قايتۇرۇۋېلىش تىزىمى» ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس، دەپ قارىسا، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىسپاتلاپ ئاڭلاش يىغىنى تەشكىللەپ، يەنمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىكىر قوبۇل قىلىپ، مۇۋاپىق پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى تولۇق قوبۇل قىلىپ پايدىلىنىشى، ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلار ۋەكىلى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئامما ۋەكىللىرىدىن تەشكىللىنىشى كېرەك.

8. ئىجتىمائىي مۇقىملىق خەۋىپ - خەتىرىنى باھالاشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش قارارىنى قانۇن بويىچە چىقىرىش كېرەك.

شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قايتۇرۇۋېلىش قارارىنى چىقىرىشتىن بۇرۇن، «ئاپتونوم رايوننىڭ زور ئىشلاردا ئىجتىمائىي مۇقىملىق خېيىم - خەتىرىنى باھالاش خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكرى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» غا ئاساسەن، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ قانۇنلۇقلۇقى، مۇۋاپىقلىقى، يولغا قويۇش ئىمكانىيىتى، بىخەتەرلىكى قاتارلىقلارغا قارىتا خېيىم - خەتەرنى باھالاپ، كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكى بولغان مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئالدىن مۆلچەرلەپ، خېيىم - خەتەرنى باھالاش نەتىجىسىگە ئاساسەن، يولغا قويۇش، قىسمەن يولغا قويۇش، يولغا قويۇشنى ۋاقىتىنچە كېچىكتۈرۈش ياكى يولغا قويماسلىق پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشى كېرەك.

ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا چېتىلىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ دائىمىي يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىغاندىن كېيىن، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش قارارىنى چىقىرىش كېرەك. چېتىلىدىغان ئادەم سانى بىرقەدەر كۆپ بولۇشنىڭ ئۆلچىمىنى شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ يەرنىڭ نوپۇس كۆلىمى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق دەرىجىسى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن بېكىتىدۇ.

**تۆتىنچى، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارغا ئادىل تۆلەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.**

9. ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ تۆلەم بېرىش شەكلى ۋە باھالاش ئاپپاراتلىرىنى تاللاش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئۆيلەردە تۆلەم بېرىشتە، پۇل ئارقىلىق تۆلەم بېرىش ياكى ئۆينىڭ مۈلۈك هوقۇقىنى تېگىشىش شەكلىنى قوللىنىشنى ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغانلار تاللىشى كېرەك. كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا قايتۇرۇۋېلىنىدىغان تۇرالغۇ ئۆيلەرگە قارىتا، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغۇچى ئۆزگەرتىپ ياسالغان جايدىن ئۆينىڭ مۈلۈك هوقۇقىنى تېگىشىشنى تاللىغان بولسا، قايتۇرۇۋالغانلار ئۆي قايتۇرۇۋېلىنغانلارنىڭ ئۆزگەرتىپ ياسالغان جايدىكى ئۆيلەرنى ئالدىن تاللىشىغا يول قويۇشى كېرەك.

ئۆينى قايتۇرۇۋېلىش دائىرىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۆينى قايتۇرۇۋالغۇچى تارماقلار ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش تۈرىنىڭ ئۆي، يەر ـ مۈلۈك باھاسىنى باھالاش قىلىش بويىچە خېرىدار چاقىرىش ئېلانىنى چىقىرىپ، مۇناسىپ سالاھىيەت دەرىجىسىگە ئىگە ئۆي، يەر ـ مۈلۈك باھاسىنى باھالاش ئاپپاراتلىرىنى تەكلىپ قىلىشى كېرەك. ئۆينى قايتۇرۇۋالغۇچى تارماقلار قانۇنغا خىلاپ ھالدا چەكلىمە، شەرت بېكىتىپ، خېرىدار بولغۇچىلارنى چەتكە قاقماسلىقى كېرەك. خېرىدار بولۇشقا تىزىملاتقان، ئۆي، يەر ـ مۈلۈك باھاسىنى باھالاش ئاپپاراتى ئۈچتىن ئېشىپ كەتكەندە، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى تارماقلىرى ئارىلاپ تاللاش شەكلىنى قوللىنىپ، ئۈچتىن ئارتۇق باھالاش ئاپپاراتىنى تاللاپ، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىشىگە سۇنۇشى؛ ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلار كېلىشەلمىسە، ئاۋاز سانىغا قاراپ بېكىتىشى كېرەك. كۆپ ساندىكى كىشىلەر بېكىتىلگەن باھالاش ئاپپاراتلىرىدىن نارازى بولسا، قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئۆيلەرنىڭ باھاسىنى باھالاش خىزمىتىنىڭ ئوچۇقلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئارىلاپ تاللاش شەكلى ئارقىلىق ئۆي، يەر ـ مۈلۈك باھاسىنى باھالاش ئاپپاراتىنى

بىكىتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشىنى باشقۇرغۇچى تارماق رويخەتكە ئالغان ئۆي، يەر - مۈلۈك باھاسىنى باھالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ شۆبە، تارماق ئاپپاراتلىرى شۆبە، تارماق ئاپپارات تەسىس قىلغان ئۆي، يەر - مۈلۈك باھاسىنى باھالاش ئاپپاراتىنىڭ نامىدا باھانى باھالاش كەسپىنى قوبۇل قىلىپ، باھالاش دوكلاتى چىقىرىشى كېرەك.

10. ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ تۆلەم نەتىجىسىگە باشقىچە پىكىر بېرىش ھوقۇقى، ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۆي، يەر مۈلۈكنى باھالاشتا، مۇستەقىل، ئوبيېكتىپ، ئادىل بولۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، باھالاش ئاپپاراتلىرى ۋە باھالىغۇچىلار بىلەن ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بولماسلىقى كېرەك. ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلار باھالاش دوكلاتىغا باشقىچە پىكىردە بولسا، باھالاش ئاپپاراتلىرى چۈشەنچە بېرىشى؛ ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلار باھالاش دوكلاتىغا قايتا قاراپ چىقىش ئىلتىماسى سۇنسا، باھالاش ئاپپاراتلىرى باھالاش دوكلاتىنى ۋاقتىدا قايتا قاراپ چىقىشى ھەمدە قايتا باھالاش نەتىجىسىنى ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارغا ئۇقتۇرۇشى كېرەك.

ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلار ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئۆي، يەر - مۈلۈكنى باھالاش، بېكىتىش كومىتېتىغا بېكىتىشنى ئىلتىماس قىلسا، باھالاش ئاپپاراتلىرى بېكىتىش پىكرىگە ئاساسەن، باھالاش دوكلاتىنى تولۇقلىشى، تۈزىتىش كىرگۈزۈشى كېرەك.

ئۆينى قايتۇرۇۋالغۇچى تارماقلار «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، باھالاش دوكلاتى، قايتا باھالاش

نەتىجىسى، باھالاش دوكلاتىنى بېكىتىش نەتىجىسى ھەمدە ئائىلىلەرگە ئايرىپ تۆلەم بېرىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئېلان قىلىشى كېرەك.

قايتۇرۇۋېلىنغان ئۆيلەرنى باھالاش، باھالاش دوكلاتىنى بېكىتىشكە كېتەرلىك خىراجەتنى ئۆينى قايتۇرۇۋالغۇچى تارماقلار ئۈستىگە ئالىدۇ.

11. ئۆينى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ كاپالەت خاراكتېرلىك ئولتۇراق ئۆيدىن ئالدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغاندا ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلار ئاپتونوم رايوننىڭ تۇرالغۇ كاپالىتىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى، ئائىلە كىرىمى قاتارلىقلار شۇ جاينىڭ ئولتۇراق ئۆي كاپالىتى شەرتىنى قاندۇرالايدىغان بولسا، كاپالەت خاراكتېرلىك ئولتۇراق ئۆيدىن ئالدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

12. ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارغا مۇۋاپىق تۆلەم بېرىش، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش شارائىتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشتا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئۆيلەرگە تۆلەم بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئۆيلەرگە بېرىلىدىغان تۆلەمنى مۇۋاپىق بېكىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي باھاسى قىسمىغا بېرىلىدىغان تۆلەم ئوخشاش رايوندىكى يېڭىدىن سېلىنغان ئادەتتىكى تاۋار ئۆيلەرنىڭ بازار باھاسىدىن تۆۋەن بولماسلىقى، غەيرىي تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ باھاسىغا بېرىلىدىغان تۆلەم ئوخشاش تۈردىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆي، يەر ـ مۈلۈك بازىرىدىكى باھادىن تۆۋەن بولماسلىقى؛ ئۆينى قايتۇرۇۋېلىش

سەۋەبلىك ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى توختىتىشتىن كېلىپ چىققان زىيانغا بېرىلىدىغان تۆلەم ئۆينى قايتۇرۇۋېلىشتىن بۇرۇنقى ئەمەلىي ئىشلىتىش ئۇنۇمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى توختىتىش مۇددىتى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن كېڭىشىپ بېكىتىلىشى، ئەگەر كېلىشەلمىسە، مۇناسىپ سالاھىيەتكە ئىگە ۋاستىچى مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىگە ھاۋالە قىلىنىشى كېرەك. كونكرېت چارىنى ئاپتونوم رايوننىڭ تۇرالغۇ ۋە شەھەر، يېزا قۇرۇلۇشىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى تۈزىدۇ.

ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشتا، مۈلۈك ھوقۇقىنى تېگىشىش ئارقىلىق تۆلەم بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ئۆينى قايتۇرۇۋالغۇچى تارماقلار ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى تېگىشىش ئۈچۈن قايتۇرۇۋېلىنغان ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقى خاراكتېرى بىلەن ئوخشاش ئۆي بىلەن تەمىنلىشى، ئەگەر ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلار كاپالەت خاراكتېرلىك ئولتۇراق ئۆي بىلەن تەمىنلەش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلسە ھەمدە كاپالەت خاراكتېرلىك ئولتۇراق ئۆي بىلەن مۈلۈك ھوقۇقىنى تېگىشىشكە قوشۇلسا، ئۆينى قايتۇرۇۋالغۇچى تارماقلار ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارغا كاپالەت خاراكتېرلىك ئولتۇراق ئۆيلەرنى ئۆتۈنۈپ بېرىش يىل چېكى ۋە قوشۇلما قىممەت پايدىسىنى تەقسىملەش چېكىنى چۈشەندۈرۈشى، بۇنى ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلار ئۆزى بېكىتىشى كېرەك.

قايتۇرۇۋېلىش، تۆلەم بېرىش، قارار قىلىش تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، زورلۇق بىلەن كۆچۈرۈۋېتىشنى قەتئىي توسۇش كېرەك.

13. ئاۋۋال تۆلەم بېرىپ ئاندىن كۆچۈرۈش، قايتۇرۇۋېلىنغان ئۆيلەرگە تۆلەم بېرىش قارارىنى قانۇن بويىچە چىقىرىش كېرەك.

ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشتا جەزمەن «ئالدىن تۆلەم بېرىپ، ئاندىن

كۆچۈرۈش» نى يولغا قويۇش كېرەك. ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋالغۇچى تارماقلار ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلار بىلەن تولەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ كېلىشىم بويىچە ۋاقتىدا ئالاقىدار مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش كېرەك. قايتۇرۇۋېلىش قارارىدا بېكىتىلگەن توختام ئىمزالاش مۇددىتى ئىچىدە تولەم كېلىشىمى هاسىل قىلالمىغان ياكى قايتۇرۇۋېلىنغان ئۆينىڭ ئىگىدارچىلىق هوقۇقى ئېنىق بولمىغانلىقتىن تولەم بېرىش كېلىشىمى ئىمزالاشقا ئامال بولمىسا، ئۆينى قايتۇرۇۋالغۇچى تارماقلار شەهەر، ناهىيە دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرىنىڭ قايتۇرۇۋېلىنغان ئۆيلەرگە تولەم بېرىش قارارى چىقىرىشىغا سۇنۇپ، پاراۋانلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ۋاقتىدا ئىش باشلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

شەهەر، ناهىيە دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى تولەم بېرىش قارارىنى چىقارغاندا، تولەم پۇلىغا مەخسۇس ئىسچوت ئېچىشى، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارغا تولەمنى هەر ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرىشى، مۈلۈك هوقۇقى تېگىشلىگەن ئۆيلەرگە هەر ۋاقىت كىرىپ ئولتۇرالىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. قەرەللىك ئۆي بىلەن مۈلۈك هوقۇقىنى تېگىشىش ئۇسۇلى قوللىنىلغاندا، ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆيلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتىنى تولۇق تەييارلاپ، ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېهتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك.

شەهەر، ناهىيە دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلەر قايتۇرۇۋېلىنغان ئۆيلەرگە تولەم بېرىش قارارىنى چىقارغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارغا يەتكۈزۈشى، تولەم قارارىغا تولەم بېرىش لايىهەسىنىڭ مەزمۇنىنى ئەسكەرتىشى هەمدە ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ مەمۇرىي جەهەتتىن قايتا قاراپ چىقىش

ۋە مەمۇريي ئەرز قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

14. مەدەنىي قايتۇرۇۋېلىشنى يولغا قويۇپ، زورلۇق بىلەن كۆچۈرۈۋېتىشنى قەتئىي مەنئى قىلىش كېرەك.

ئۆي قايتۇرۇۋالغۇچى تارماقلار ئۆي قايتۇرۇۋېلىشنى يولغا قويغۇچى ئورۇنلار ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى قايتۇرۇۋېلىش قارارى ۋە تۆلەم بېرىش لايىھەسىنى تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش، قايىل قىلىش، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ قايتۇرۇۋېلىش قارارىنى چۈشىنىشىنى، قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قايتۇرۇۋېلىش بويىچە تۆلەم بېرىش كېلىشىمىگە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىمزا قويۇشىغا تۈرتكە بولۇشى؛ تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشنى خالىمىغانلارغا ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ مەمۇريي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش ۋە مەمۇريي ئەرز قىلىش قاتارلىق قانۇنلۇق يوللار ئارقىلىق ئۆز ھوقۇقىنى يۇرگۈزۈشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاقمىلانە ئۇسۇل — تەلىپىنى ئەكس ئەتكۈزۈش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، ئاددىي، قوپال، مەمۇريي بۇيرۇق شەكلى ئارقىلىق ئاممىنى بېسىپ، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنى كېلىشىم ئىمزالاشقا مەجبۇرلىماسلىقى كېرەك. قايتۇرۇۋېلىش بويىچە تۆلەم بېرىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلغان ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارغا تۆلەم بېرىش، مۈلۈك ھوقۇقىنى تېگىشىش ۋە ئوبوروت ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تەڭسىز مۇئامىلە قىلىشقا، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشقا بولمايدۇ.

ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ زورلۇق قىلىش، تەھدىت سېلىش ياكى سۇ، پار، گاز، توك بىلەن تەمىنلەشنى ئۈزۈۋېتىش ۋە يول يۈرۈشنى چەكلەش قاتارلىق قانۇنسىز ئۇسۇللارنى

قوللىنىپ، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنى كېلىشىم ئىمزالاشقا مەجبۇرلىشىغا بولمايدۇ. قانۇنسىز ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنى تۆلەم بېرىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇش، كۆچۈرۈۋېتىشكە قىستاش قىلمىشىنى شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ئۆينى قايتۇرۇۋالغۇچى تارماقلار ۋە ئالاقىدار قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار قانۇن بويىچە توسىدۇ. ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولسا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرمەي، جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولسا جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش بويىچە جازالىنىدۇ؛ زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

كۆچۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئۆيلەرنى چېقىش خىزمىتى مۇناسىپ سالاھىيەت دەرىجىسىگە ئىگە قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا ھاۋالە قىلىنىدۇ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇننىڭ كۆچۈرۈش ۋە ئۆيلەرنى چېقىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشى چەكلىنىدۇ.

15. مەمۇرىي جەھەتتىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈش چەكلىنىدۇ.

ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلار قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشقا ئىلتىماس قىلماي ياكى نارازىلىق ئەرز سۇنماي، تۆلەم قارارىدا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە كۆچمىسە، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەمۇرىي ئاپپاراتلارنىڭ مەجبۇرىي كۆچۈرۈشىنى ئەستىن چىقارماسلىقى، «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلىپ بېرىشىگە ئىلتىماس سۇنۇشى كېرەك.

ۋاقىتتا ئىجرا قىلىنماسلىق سەۋەبىدىن دۆلەت ۋە جامائەتنىڭ مەنپەئەتىگە تولىدۇرۇپ بولمايدىغان زىيان كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىنلىكى بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىن ئىجرا قىلىپ بېرىشكە ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ. ئالدىن ئىجرا قىلىپ بېرىشكە ئىلتىماس سۇنغاندا، مۇناسىپ مال ـ مۈلۈك كېپىللىكى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

**بەشىنچى، يېڭى ـ كونا سىياسەتلەرنى جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش**

16. شەھەر، بازار پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن رايونلاردىكى كوللېكتىپ يەرلىرىگە سېلىنغان ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش بويىچە تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش كېرەك.

كوللېكتىپ يەرلىرىگە سېلىنغان ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» ماس كەلمەيدۇ، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يەر ئۈستىدىكى قوشۇمچە نەرسىلەرگە تۆلەم بېرىش كېرەك. «شەھەرگە قاراشلىق كەنتلەر» شەھەر بىلەن يېزا تۇتىشىدىغان بۆلەكلەردە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆيلەرنىڭ ئىشلىتىلىش خاراكتېرى ئۆيلۈك يەر ياكى كوللېكتىپ قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەر بولۇپ، ئەسلىدىكى كەنت كوللېكتىپى تەشكىلاتى ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارغا قايتىدىن ئۆيلۈك يەر ياكى كوللېكتىپ قۇرۇلۇش يېرى تەقسىم بەرمىسە، «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە ئوخشاش رايوندىكى دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرگە سېلىنغان ئۆي قاتاردا تۆلەم بېرىش ھەمدە ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالىتىنى مۇۋاپىق

ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

17. ئورۇنلاردىكى ھۆكۈمەت ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۆي ئىسلاھاتى سىياسىتىنىڭ چەكلىمىسى سەۋەبلىك، ئورۇنلاردىكى ئىشچى -خىزمەتچىلەر ئولتۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەت ئۆيى ئۆي ئىسلاھاتىغا قاتناشتۇرۇلمىغان، شۇڭا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ ئۆيلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى يوق، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشتا ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقان كىشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، مۈلۈك ھوقۇقىنى تېگىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنى ئەسلىدىكى قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە ئولتۇراقلىشىش ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولمىغان مۈلۈك ھوقۇقىغا تېگىشلىك ئۆيلەر بىلەن تەمىنلەش؛ ئىككىنچى، دۆلەت ئىلكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلار ۋەيران بولغان، قوشۇۋېتىلگەن، قايتا تەشكىللىگەندە، كارخانىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆيلەر ۋە يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى بەلگىلىمە بويىچە كارخانا مۈلكىدىن ئايرىۋېلىنغان بولسا، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشتا، ئۆي، يەر - مۈلۈك بازىرىدىكى باھاغا ئاساسەن، قايتۇرۇۋېلىنغان ئۆينىڭ قىممىتىنى باھالىتىپ، 80% تۆلەم پۇلىنى شۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق كىشىگە بېرىش؛ ئۈچىنچى، كاپالەت خاراكتېرلىك ئولتۇراق ئۆي شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلارنى ئولتۇراق ئۆي كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، كاپالەت خاراكتېرلىك ئۆيدىن ئالدىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك.

18. ئۆي قايتۇرۇۋېلىش پائالىيىتىدە يېڭى - كونا قانۇنلارنى ياخشى جىپسىلاشتۇرۇش كېرەك.

«قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جايلارنىڭ ئۆيلەرنى چېقىپ كۆچۈرۈش ئىجازەتنامىسى تارقىتىشىغا بولمايدۇ، ئۆيلەرنى چېقىپ كۆچۈرۈش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەن تۈرلەرنى داۋاملىق ئەسلىدىكى چېقىپ كۆچۈرۈش نىزامىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن بېجىرىشى كېرەك. لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ ۋاستە قوللىنىپ مەجبۇرىي چېقىۋېتىشىگە بولمايدۇ؛ چېقىپ كۆچۈرۈش ئىجازەتنامىسىنىڭ ۋاقتى توشقان بولسا ئەسلىدىكى چېقىپ كۆچۈرۈش ئىجازەتنامىسى تارقاتقان ئورگاننىڭ چېقىپ كۆچۈرۈش ئىجازەتنامىسىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە بولمايدۇ، ۋاقتى ئۇزلۇكسىدىن ئۇزارغان ئۇنۇملۇك ۋاقتى 2011 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە بولسا، ئەسلىدىكى چېقىپ كۆچۈرۈش، ئىجازەتنامىسى تارقىتىدىغان ئورگان چېقىپ كۆچۈرگۈچىنىڭ چېقىپ كۆچۈرۈش تۆلەم بېرىش خىزمىتىنى ۋاقتىدا تاماملىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

«قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن تۈر تۇرغۇزۇش، پىلانلاش، قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىشنى ئالدىن تەكشۈرۈش ھۆججىتى قاتارلىقلارغا ئېرىشكەن، لېكىن چېقىپ كۆچۈرۈش، ئىجازەتنامىسى تارقىتىلمىغان تۈرلەر پاراۋانلىق تۈرلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش تەرتىپى بويىچە بولۇغا قويۇلىدۇ؛ غەيرىي پاراۋانلىق شەكلىدىكى تۈرلەرگە تەۋە بولسا، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلار بىلەن ئۆينىڭ مۈلۈك ئىگىسى كېڭىشىپ تۆلەم بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىنى بېكىتىپ، بىردەكلىك ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلۈكىدىن كۆچسە بولىدۇ. ئەگەر قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن قۇرۇلۇش تۈر ئىجازەتنامىسىدىكى چېقىپ كۆچۈرۈش بەلگىلىمىسىگە زور ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، چېقىپ كۆچۈرۈش، تۆلەم بېرىش،

ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى تۈزگىلى بولمايدۇ دەپ قارىسا، قورۇلۇش تۈرىنى ئۆز مەيلىچە ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىكى، ئالاقىدار تارماقلارغا ئىلتىماس سۇنۇپ، يەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش توختامىنى بىكار قىلىشى، پىلان ئىجازىتى قاتارلىق مەمۇرىي ئىجازەت ھۆججەتلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا مۇناسىپ قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

19. ئۆي، يەر ــ مۈلۈكنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق مال ــ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە جىسمانىي ھوقۇقىنى قوغداش كېرەك.

«ئاساسىي قانۇن» دا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە پۇقرالارنىڭ شەخسىي مال ــ مۈلكىنى قانۇن بويىچە قوغداش مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن، «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، غەيرىي جامائەت مەنپەئەتى ئېھتىياجلىق بولغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە قارىتا، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن ئۆينىڭ مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ھەمدە يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولسا، ئۆي، يەر ــ مۈلۈك باشقۇرۇش تارماقلىرى قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇندىن يۇقىرىقى تەرتىپلەرنى باراۋەر كېڭىشىپ ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. سۇ، توك، پار، گاز بىلەن تەمىنلەشكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، يولنى توسۇۋېتىش، تىجارەتكە تەسىر كۆرسىتىش، شاۋقۇن ئارقىلىق كاشىلا قىلىش، ھەتتا قورقىتىش، تەھدىت سېلىش، زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش قاتارلىق قانۇنسىز ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئۆينىڭ مۈلۈك ئىگىسىنى ئۆينى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، كۆچۈش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشقا قىستىسا، ھەر قايسى فۇنكسىيەلىك تارماقلار قانۇن بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، جىنايەت شەكىللەندۇرگەنلەرنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ

بىرىشى كېرەك. چەكلەش، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقى كۈچلۈك بولماسلىق سەۋەبىدىن، تەسىرى يامان ۋەقە، كەڭ كۆلەمدە توپلىشىپ ئەرز قىلىش ۋەقەلىرى ھەمدە ئەمەلدارلار بىلەن سودىگەرلەر تىل بىرىكتۈرۈش، ھوقۇق، پۇل سودىسى قىلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقسا، ئالاقىدار رەھبەرلەر ۋە بىۋاسىتە مەسئۇل كىشىلەرنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، جىنايەت شەكىللەندۇرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

(«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى سانىدىن «قەشقەر گېزىتى» كۆچۈرۈپ باسقان)

قوشۇمچە (3)

# دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرگە سېلىنغان ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش سىياسىتىنىڭ يەشمىسى

### ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىنىڭ مەسئۇلى بىلەن سۆھبەت

يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىنىڭ مەسئۇلى «نىزام» دىكى ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىزاھات بەردى.

**1. «دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرگە سېلىنغان ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش نىزامى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» دېيىلىدۇ) دا گەۋدىلەنگەن قانۇن تۇرغۇزۇش روھى قايسىلار؟**

جاۋاب: بىرىنچى، سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغان ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، جامائەت مەنپەئەتى بىلەن ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ مەنپەئەتىنى بىرلەشتۈرۈش؛ ئىككىنچى، ئادىل تۆلەم بېرىش، تولۇقلىما بېرىش ۋە مۇكاپاتلاش تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئاممىنىڭ ئولتۇراقلىشىش شارائىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاپ، ئەسلىدىكى تۇرمۇش

سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ ئۈچىنچى، قايتۇرۇۋېلىش تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاممىنى قاتناشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇننىڭ چېقىش - كۆچۈرۈشكە قاتنىشىشىنى چەكلەپ، مەمۇرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مەجبۇرىي چېقىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەجبۇرلاشنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىش.

**2. «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇنقى قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئۆيلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈش قانداق شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ؟**

**جاۋاب:** قانۇن بويىچە ئۆينى چېقىش - كۆچۈرۈش ئىجازەتنامىسى ئالغان تۈرلەرنى داۋاملىق ئەسلىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىشكە بولىدۇ. ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلارنى مەجبۇرىي چېقىش - كۆچۈرۈشكە بۇيرۇشقا بولمايدۇ. چېقىش - كۆچۈرۈش ئىجازەتنامىسى ئالمىغان تۈرلەرگە چېقىش - كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ چېقىش - كۆچۈرۈش ئىجازەتنامىسى بېرىشىگە بولمايدۇ.

**3. ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى يولغا قويۇش قايسى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك؟**

**جاۋاب:** پەقەت «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» نىڭ 8 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلسىلا ھۆكۈمەت ئاندىن پۇقرالارنىڭ ئۆيىنى قايتۇرۇۋالىدۇ، شۇنداقلا يەنە قايتۇرۇۋېلىش تۈرى يەر ئىشلىتىش ئومۇمىي پىلانى، شەھەر - يېزا پىلانى ۋە تۈرلۈك مەخسۇس پىلانلارغا ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ۋە يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈشى، كاپالەت

خاراكتېرلىك تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى ۋە كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى يەنە ئوخشاش دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قاراپ چىقىپ تەستىقلىغاندىن كېيىن يولغا قويۇشى كېرەك.

**4. ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش قارارىنى چىقىرىشتىن بۇرۇن ئىجتىمائىي مۇقىملىق خېيىم - خەتىرىنى باھالاش كېرەكمۇ - يوق؟**

جاۋاب: شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قايتۇرۇۋېلىش قارارىنى چىقىرىشتىن بۇرۇن «ئاپتونوم رايوننىڭ زور ئىشلاردا ئىجتىمائىي مۇقىملىق خېيىم - خەتىرىنى باھالاش خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكرى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» غا ئاساسەن ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ قانۇنلۇقلۇقى، مۇۋاپىقلىقى، يولغا قويۇش ئىمكانىيىتى، بىخەتەرلىكلىكى قاتارلىقلارغا قارىتا خېيىم - خەتىرىنى باھالاپ، كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكى بولغان مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئالدىن مۆلچەرلەپ، خېيىم - خەتەرنى باھالاش نەتىجىسىگە ئاساسەن يولغا قويۇش، قىسمەن يولغا قويۇش، يولغا قويۇشنى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈش ياكى يولغا قويماسلىق پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشى كېرەك.

**5. ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشتا تۆلەم بېرىش شەكلى قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: پۇل ئارقىلىق تۆلەم بېرىش ياكى مۈلۈك ھوقۇقىنى تېگىشىش شەكلىنى قوللىنىشنى ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلار ئۆزى

تاللايدۇ. كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا قايتۇرۇۋېلىنغان تۇرالغۇ ئۆيلەرگە قارىتا ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغۇچى ئۆزگەرتىپ ياسالغان جايدىن ئۆيىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى تېگىشىشنى تاللىغان بولسا، قايتۇرۇۋالغۇچى ئۆزگەرتىپ ياسالغان جايدىكى ئۆيلەرنى ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغانلارنىڭ ئالدىن تاللىشىغا قويۇشى كېرەك.

**6. ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغۇچى تۇرالغۇ ئۆي كاپالىتى ئوبيېكتلىرىغا تەۋە بولسا، ئۆيىنى قايتۇرۇۋېلىش داۋامىدا ئۇلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى قانداق كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ؟**

جاۋاب: شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇسىنى قايتۇرۇۋېلىشتا ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغۇچى ئاپتونوم رايوننىڭ تۇرالغۇ ئۆي كاپالىتىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن كەلسە ۋە تۇرالغۇ كۆلىمى، ئائىلىسىنىڭ كىرىمى قاتارلىقلار شۇ جاينىڭ تۇرالغۇ كاپالىتى شەرتىنى قانائەتلەندۈرسە كاپالەت خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆيدىن ئالدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بولىدۇ.

**7. «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» دا ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدىكى ھوقۇقىغا قارىتا قانداق بەلگىلىمە چىقىرىلغان؟**

جاۋاب: بىرىنچى، قايتۇرۇۋېلىش قارارىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى، يەر ئىشلىتىش ئومۇمىي پىلانى، شەھەر - يېزا پىلانى، مەخسۇس پىلانلارغا كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىك ياكى يۇقىرىقىلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىغا قارىتا تەكلىپ بېرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ ئىككىنچى، ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە تەكلىپ بېرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ ئۈچىنچى،

ئۆيى قايتۇرۇۋېلىندىغان كۆپ ساندىكى كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش تۈرىنىڭ تۆلەم بېرىش لايىھەسى «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ قارىسا، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىندىغانلار ئىسپات ئاڭلاشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ؛ تۆتىنچى، ئۆي، يەر ـ مۈلۈكنى باھالاش ئاپپاراتلىرىنى تاللاش ھوقۇقى بولىدۇ؛ بەشىنچى، پۇل ئارقىلىق تۆلەم بېرىش ياكى مۈلۈك ھوقۇقىنى تېگىشىشنى تاللاش ھوقۇقى بولىدۇ؛ ئالتىنچى، كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش تۈرىدە قايتا كۆچۈپ كىرىش ياكى يېقىن ئەتراپقا ئورۇنلىشىش (ئالدىن سېتىۋېلىش) ھوقۇقى بولىدۇ؛ يەتتىنچى، تۆلەم بېرىش كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، قارشى تەرەپ تۆلەم بېرىش كېلىشىمىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا، ئەرز قىلىپ ياردەم تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ؛ سەككىزىنچى، ئۆينى قايتۇرۇۋېلىش قارارى ياكى قايتۇرۇۋېلىش بويىچە تۆلەم بېرىش قارارىغا قايىل بولمىسا، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشقا ئىلتىماس قىلىش ياكى مەمۇرىي دەۋا قىلىشتىن ئىبارەت مەمۇرىي جەھەتتىن ياردەم تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ؛ توققۇزىنچى، قايتۇرۇۋېلىندىغان ئۆيلەر دائىرىسىدىكى ئائىلىلەرگە بۆلۈپ تۆلەم بېرىش ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقى بولىدۇ.

**8. «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» دا ئۆيى قايتۇرۇۋېلىندىغانلارنىڭ قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدىكى مەجبۇرىيىتىگە قارىتا قانداق بەلگىلىمە چىقىرىلغان؟**

جاۋاب: بىرىنچى، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋالغۇچى تارماقلارنىڭ ئۆينىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ئورنى، ئىشلىتىلىش خاراكتېرى، قۇرۇلۇش كۆلىمى قاتارلىق ئەھۋاللارغا قارىتا تەشكىللىگەن

تەكشۈرۈش، تىزىملاش خىزمىتىگە ماسلىشىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ؛ ئىككىنچى، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش دائىرىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۆينى يېڭىدىن سېلىش، كېڭەيتىپ سېلىش، ئۆزگەرتىپ سېلىش ۋە ئۆينىڭ ئىشلىتىلىش خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق تۆلەم پۇلى كۆپەيتىلمەيدىغان قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ؛ ئۈچىنچى، قايتۇرۇۋېلىنغان ئۆيلەرگە بېرىلگەن تۆلەمنى ئالغاندىن كېيىن، تۆلەم بېرىش كېلىشىمى ياكى تۆلەم بېرىش قارارىدا بېكىتىلگەن كۆچۈش مۇددىتى ئىچىدە كۆچۈپ بولۇشى كېرەك.

**9. ئۆينى قايتۇرۇۋېلىشتا ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارغا قانداق تۆلەم بېرىلىدۇ؟**

**جاۋاب:** قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئۆيلەرنىڭ قىممىتىگە بېرىلىدىغان تۆلەم، ئۆينى قايتۇرۇۋېلىش سەۋەبلىك كېلىپ چىققان كۆچۈش، ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش تۆلىمى؛ ئۆينى قايتۇرۇۋېلىش سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى توختىتىش زىيىنىغا بېرىلىدىغان تۆلەم؛ شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارغا بېرىدىغان باشقا تولۇقلىما ياردەم ۋە مۇكاپات.

**10. قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئۆيلەرنىڭ قىممىتىگە بېرىلىدىغان تۆلەم قانداق بېكىتىلىدۇ؟**

**جاۋاب:** ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ قىممىتىگە بېرىلىدىغان تۆلەم ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش قارارى ئېلان قىلىنغان كۈندىكى ئوخشاش رايوندىكى يېڭىدىن غەيرىي ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ قىممىتىگە بېرىلىدىغان تۆلەم ئۆيلەرنىڭ ئۆي، يەر - مۈلۈك بازىرىدىكى باھاسىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك. تۆلەمنى ئۆينى

قايتۇرۇۋالغۇچى بىلەن ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغانلار كېلىشىش ئارقىلىق بېكىتسە بولىدۇ، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلار قايتۇرۇۋالغۇچى ئوتتۇرىغا قويغان تۆلەمگە قوشۇلمىسا، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغۇچىلار تاللىغان مۇناسىپ سالاھىيەتكە ئىگە ئۆي، يەر ـ مۈلۈك باھاسىنى باھالاش ئاپپاراتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆي، يەر ـ مۈلۈك باھاسىنى باھالاشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن باھالاپ بېكىتىدۇ.

**11. قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئۆيلەرنىڭ باھالاش ئارقىلىق بېكىتىلگەن قىممىتىگە قارىتا باشقىچە پىكرى بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: ئۆي، يەر ـ مۈلۈك باھاسىنى باھالاش ئاپپاراتىغا قايتا باھالاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. قايتا باھالاش نەتىجىسىگىمۇ باشقىچە پىكرى بولسا، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆي، يەر ـ مۈلۈك باھاسىنى باھالاش مۇتەخەسسىسلىرى ھەيئىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىپ بېرىشىگە ئىلتىماس سۇنسا بولىدۇ.

**12. ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغانلارنى ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش تولۇقلىما ياردىمىنىڭ ئۆلچىمى قانداق بېكىتىلىدۇ؟**

**جاۋاب:** شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ جاينىڭ ئۆي ئىجارە بازىرىدىكى باھاغا ئاساسەن بېكىتىدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ.

**13. ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى توختىتىش زىيىنى قانداق ھېسابلىنىدۇ؟**

جاۋاب: ئۆيلەرنىڭ قايتۇرۇۋېلىشتىن بۇرۇنقى ئەمەلىي ئىشلىتىلىش ئۇنۇمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى توختىتىش مۇددىتى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن مەسلىھەتلىشىپ

بېكىتىلىدۇ، كېلىشەلمىسە مۇناسىپ سالاھىيەتكە ئىگە ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىگە ھاۋالە قىلىنىدۇ.

**14. قايتۇرۇۋېلىش دائىرىسىدىكى تىزىملانمىغان ئىمارەتلەرگە قانداق تۆلەم بېرىلىدۇ؟**

جاۋاب: ئومۇمەن قايتۇرۇۋېلىش قارارى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن زەربىدارلىق بىلەن سېلىنغان ئۆيلەر ياكى قايتۇرۇۋېلىش قارارى ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن پىلانلاش تارماقلىرى قاتارلىق تارماقلار تەرىپىدىن قانۇنسىز ئىمارەت دەپ قارالغان ھەمدە چېقىۋېتىش ياكى مۇسادىرە قىلىش قارارى چىقىرىلغان ۋە قارار قانۇن بويىچە يەتكۈزۈلگەنلىرىگە تۆلەم بېرىلمەيدۇ، بۇنىڭدىن باشقا تارىخىي ئامىللارنى ئويلىشىپ، ئۆيلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن باھالاشقا تۇزىتىش كىرگۈزۈلۈپ تۆلەم بېرىلىدۇ.

**15. قايتۇرۇۋېلىش دائىرىسىدىكى غەيرىي تۇرالغۇ ئۆيگە ئۆزگەرتىۋېلىنغان ئۆيلەرگە قانداق تۆلەم بېرىلىدۇ؟**

**جاۋاب:** ئەمەلىي ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا قاراپ باھالىنىدۇ. ئۆي، يەر - مۈلۈك باھاسىنى باھالاش ئاپپاراتلىرى ئۆي، يەر - مۈلۈك باھاسىنى باھالاش ئۆلچىمىگە ئاساسەن ھوقۇق ئەھۋالى قاتارلىقلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ئۆيلەرنىڭ قىممىتىگە بېرىلىدىغان تۆلەمنى بېكىتىدۇ. قانۇن - بەلگىلىمە، نىزاملاردا ئايرىم بەلگىلىمە چىقىرىلغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

**16. ئۆي ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلمىغان ئورۇنلاردىكى ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنى قايتۇرۇۋالغاندا ئولتۇرۇشلۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قانداق تۆلەم بېرىلىدۇ؟**

جاۋاب: ئۆي ئىسلاھاتى سىياسىتىنىڭ چەكلىمىسى سەۋەبلىك ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئولتۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەت

ئۆيلىرى ئۆي ئىسلاھاتىغا قاتناشتۇرۇلمىغان بولسا، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋالغاندا بۇ ئۆيلەردە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۆلەم بېرىشتە تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ: بىرىنچى، مۈلۈك ھوقۇقىنى تەڭشەش شەكلىنى قوللىنىپ، ئولتۇرۇشلۇق كىشىنى ئەسلىدىكى قورۇلۇش كۆلىمى ۋە ئولتۇراقلىشىش ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولمىغان مۈلۈك ھوقۇقى تېگىشلىدىغان ئۆي بىلەن تەمىنلەپ، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنغانلار ئولتۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرغانلار داۋاملىق ئولتۇرۇش؛ ئىككىنچى، دۆلەت ئىلكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلار ۋەيران بولغان، قوشۇۋېتىلگەن، قايتا تەشكىللەنگەندە كارخانا ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي ۋە يەرلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ھوقۇقى بەلگىلىمە بويىچە كارخانا مۈلكىدىن ئايرىپ چىقىلمىغان بولسا، ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋالىدىغاندا ئۆي، يەر - مۈلۈك بازىرىدىكى باھاغا ئاساسەن قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئۆينىڭ قىممىتىنى باھالاپ، 80% تۆلەم پۇلىنى ئولتۇرۇشلۇق كىشىگە بېرىش؛ ئۈچىنچى، كاپالەت خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلارنى تۇرالغۇ كاپالىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، كاپالەت خاراكتېرلىك تۇرالغۇ بىلەن ئالدىن تەمىنلەش كېرەك.

**17. ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش بويىچە تۆلەم بېرىش كېلىشىمى قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك؟**

جاۋاب: تۆلەم بېرىش شەكلى، تۆلەم سوممىسى ۋە تۆلەم بېرىش مۇددىتى، مۈلۈك ھوقۇقى تېگىشلىگەن ئۆيلەرنىڭ ئورنى ۋە كۆلىمى، كۆچۈش ھەققى، ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققى ياكى ئوبوروت ئۆي، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتىن توختاش زىيىنى، كۆچۈش مۇددىتى، ئۆتكۈنچى ئۇسۇل ۋە ئۆتكۈنچى مۇددەت قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**18. كوللېكتىپ يېرىگە سېلىنغان ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشتا قانداق تۆلەم بېرىلىدۇ؟**

**جاۋاب:** كوللېكتىپ يېرىگە سېلىنغان ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا تۆلەم بېرىشتە «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» تەدبىقلانمايدۇ، دۆلەت زېمىن بايلىقى تارماقلىرى يەر باشقۇرۇش قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن يەر ئۈستىدىكى قوشۇمچە نەرسىلەرگە تۆلەم بېرىدۇ.

«شەھەرگە قاراشلىق كەنت» شەھەر بىلەن يېزا تۇتىشىدىغان بۆلەكلەردىكى ئۆي يېرىنىڭ خاراكتېرى ئۆيلۈك يەر ياكى كوللېكتىپ قورۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرگە تەۋە بولۇپ، يېزا كوللېكتىپ تەشكىلاتلىرى ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارغا يېڭىدىن ئۆيلۈك يەر ياكى كوللېكتىپ قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى تەقسىم قىلمىسا، «قايتۇرۇۋېلىش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىنى تەدبىقلاپ، ئوخشاش رايوندىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلەرگە سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ تۆلەم ئۆلچىمى بويىچە تۆلەم بېرىلىدۇ ھەمدە ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتتىكى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**19. ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدا ئېنىق چەكلەنگەن قىلمىشلار قايسىلار؟**

**جاۋاب:** بىرىنچى، ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنىڭ ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش دائىرىسى ئىچىدە ئۆيلەرنى يېڭىدىن سېلىش، كېڭەيتىپ سېلىش، ئۆزگەرتىپ سېلىش ۋە ئۆيلەرنىڭ ئىشلىتىلىش خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق كۆپەيتىپ تۆلەم بېرىلمەيدىغان قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ھەر قانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ياكى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا سۇ،

پار، گاز، توك بىلەن تەمىنلەشنى توختىتىش ۋە يولنى توسۇپ قويۇش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ شەكىللەر ئارقىلىق ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنى كۆچۈشكە مەجبۇرلىشقا بولمايدۇ؛ ئۈچىنچى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇننىڭ كۆچۈرۈش پائالىيىتىگە قاتنىشىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

**20. ھۆكۈمەت ياكى ئالاقىدار تارماقلار زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ۋە سۇ، توك بىلەن تەمىنلەشنى توختىتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارنى كۆچۈشكە مەجبۇرلىسا قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟**

**جاۋاب:** ئاشۇنداق قىلىپ ئۆيى قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلارغا زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ بىۋاسىتە مەسئۇل بولغان ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ۋە باشقا بىۋاسىتە مەسئۇل خادىملار جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولسا جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلىنىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەن بولسا قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلىدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپ قىلمىش سادىر قىلغان بولسا، ئامانلىق باشقۇرۇش جازا قانۇنى بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

(«شىنجاڭ گېزىتى» 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى سانىدىن «قەشقەر گېزىتى» كۆچۈرۈپ باسقان)

قوشۇمچە (4)

# گوۋيۇەن ئىشخانىسى يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش، چېقىش - كۆچۈرۈش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى 2011 - يىلى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈندىكى تېلېگراممىسى**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسىدىن.** گوۋيۇەن ئىشخانىسى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مەملىكەت بويىچە يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش، چېقىش - كۆچۈرۈش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ، قانۇنغا خىلاپ ھالدا مەجبۇرىي چېقىش قىلمىشىنى قەتئىي توسۇپ، ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداشنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئۇقتۇرۇشتا ماۋۇلار تەلەپ قىلىندى: جايلار، تارماقلار بۇ يىل 1 - ئايدا گوۋيۇەن ئېلان قىلىپ يولغا قويغان «دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەرگە سېلىنغان ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش نىزامى» ۋە «گوۋيۇەن ئىشخانىسىنىڭ يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش، چېقىش - كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ قاتتىقلاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇشى» قاتارلىق يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش، چېقىش - كۆچۈرۈشنى

باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ قانۇنلاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇشى» قاتارلىق يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش، چېقىش - كۆچۈرۈش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشنى قانۇن - تەرتىپ بويىچە بېجىرىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ ھالدا مەجبۇرىي چېقىش - كۆچۈرۈش، زورلۇق ئىشلىتىپ چېقىش - كۆچۈرۈشنى قەتئىي توسۇپ، زىددىيەتلەرنىڭ مەنبىيىدىن ئالدىنى ئېلىپ ۋە ھەل قىلىپ، قانۇن بويىچە، چېقىش - كۆچۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بۇ قېتىمقى مەخسۇس تەكشۈرۈشتە تۆۋەندىكى ئۈچ مەزمۇن گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ: بىرىنچى، «نىزام» ۋە باشقا يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش، چېقىش - كۆچۈرۈش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىزچىللىشىش، ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى؛ ئىككىنچى، يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش، چېقىش - كۆچۈرۈشتىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى؛ ئۈچىنچى، يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش، چېقىش - كۆچۈرۈشتىكى قانۇن - بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلىدۇ.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: بۇ قېتىمقى مەخسۇس تەكشۈرۈش ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. 1 - باسقۇچتا ھەر قايسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۇقتۇرۇشنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن دەرھال ئۆز - ئۆزىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن بۇرۇن تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تەييارلاپ گوۋۇيۈەنگە تاپشۇرىدۇ. 2 - باسقۇچتا 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا باشلىنىدىغان بولۇپ، تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى مىنىستىرلىقى، دۆلەت

زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى، مەمۇرىي تەپتىش مىنىستىرلىقى، يېزا ئىگىلىكى مىنىستىرلىقى، گوۋۇيۈەن قانۇن - تۈزۈم ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، نۇقتىلىق ھالدا نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرىدۇ.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەر قايسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) لەر ئۆزىگە قاراشلىق ھەر قايسى شەھەر، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ «نىزام» ۋە «جىددىي ئۇقتۇرۇش» نىڭ تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئۆزىنى تەكشۈرۈشتە تېپىپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى دەرھال تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. قانۇنغا خىلاپ ھالدا مەجبۇرىي چېقىش - كۆچۈرۈش، زورلۇق بىلەن چېقىش - كۆچۈرۈش دېلولىرىنى قەتئىي، قانۇن بويىچە قاتتىق، تېز تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇنغا خىلاپ مەجبۇرىي چېقىش قىلمىشىنى سادىر قىلغان جاۋابكارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش؛ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان تارماقلارغا قارىتا تارماق مەسئۇلىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش؛ قىلمىشى ئېغىر، تەسىرى يامان بولغانلىرىغا قارىتا يەرلىكتىكى ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈش؛ جىنايەت شەكىللەندۇرگەنلەرنى ۋاقتىدا ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يوللاپ، جىنايى ئىشلار مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. ئالاقىدار تۈزۈملەرنى تىرىشىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش، چېقىش - كۆچۈرۈشكە ئالاقىدار زىددىيەت، تالاش - تارتىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ھەل قىلىشنىڭ ئۈزاق ئۈنۈم بېرىدىغان مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداش كېرەك.

# ئۆي باھاسى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ۋە تاۋار ئۆي باھاسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئاشكارىلىنىدۇ

— ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتى باھا نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ جېپىڭنى زىيارەت

دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى چۈشۈرگەن «تاۋار ئۆيلەرنى ئېنىق باھا قويۇش سېتىش ھەققىدىكى بەلگىلىمە» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «بەلگىلىمە» دېيىلدى) سى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلدى.

«بەلگىلىمە» تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۆي سېتىۋالماقچى بولغانلار ئۆي سېتىش ئورۇنلىرىدا قانداق ئۇچۇرلارنى كۆرەلىشى كېرەك؟ باھا ئالدامچىلىقىغا يولۇققاندا، ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانداق قوغدىشى كېرەك؟ ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى باھا نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ جېپىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، «بەلگىلىمە» دىكى ئالاقىدار مەزمۇنلارنى چۈشەندۈردى.

مۇخبىر: «بەلگىلىمە» تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون يولغا قويۇشقا ئالاقىدار تەپسىلىي قائىدە تۈزدىمۇ؟ ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتى قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى؟

جۇ جېپىڭ: ئىدارىمىز «ئاپتونوم رايوننىڭ تاۋار ئۆيلەرنى ئېنىق باھا قويۇپ سېتىشنى يولغا قويۇش تەپسىلاتى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) (ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ تور پونكىتى http://www.xjdrc.gov.cn دا 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئېلان قىلىندى) نى تۈزۈپ، ئۆي ـ زېمىن

تەرەققىيات سودىگەرلىرى، ئىستىمالچىلار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرساھە كىشىلىرىدىن ئاشكارا پىكىر ئېلىشقا باشلىدى، تەپسىلىي قائىدە پات ئارىدا ئېلان قىلىنىدۇ، بۇ تاۋار ئۆيلەرنى ئېنىق باھا قويۇپ سېتىش خىزمىتىگە يېتەكچى قىلىنىدۇ؛ 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، تاۋار ئۆيلەرنى ئېنىق باھا قويۇپ سېتىشنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھازىرغىچە قەشقەر شەھىرى، ئاتۇش شەھىرى، تۇرپان شەھىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنى تەكشۈردۇق.

**مۇخبىر:** «بەلگىلىمە» بويىچە، ئىستىمالچىلار ئۆي سېتىش ئورۇنلىرىدا قانداق ئۇچۇرلارنى كۆرەلىشى كېرەك؟

**جاۋاب:** تاۋار ئۆي سېتىشتا مۇنداق ئۈچ چوڭ ئۇچۇر ئاشكارىلىنىشى كېرەك: بىرىنچى، ئۆي باھاسى ئاشكارا بولۇش. بۇ، بىر يۈرۈش ئۆيگە بىر باھا قويۇش، بارلىق ئۆي مەنبەسى، ئېتىبار بېرىش ھەم ئېتىباردىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بىر قېتىمدىلا ئاشكارىلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ئاشكارا بولۇش. بۇ، ئۆي پۇلى كىنىشكا بېجىرىش ھەققى، يەر خېتى بېجى، رېمونت فوندى، بانكىدىن قەرز ئېلىشتا كېرەكلىك خىراجەت ۋە خوجىلىق باشقۇرۇش ھەققى، سىملىق تېلېۋىزىيەگە دائىر دەسلەپكى ئورنىتىش ھەققى، پار پۇلى قاتارلىق ئۆيگە كىرىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش خىراجەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى، تاۋار ئۆي باھاسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ، ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات كارخانىسىنىڭ نامى، ئاۋانسقا سېتىش ئىجازەتنامىسى، يەرنىڭ خاراكتېرى، يەر ئىشلىتىش مۇددىتى، بىنا سېلىنىغان يەرنىڭ ئادرېسى، ئومۇمىي كۆلىمى، كۆكەرتىلىش نىسبىتى، ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنى نىسبىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىستىمالچىلارنىڭ ئېنىق كۆرۈشىگە قولاي بولسۇن ئۈچۈن، بۇ ئۇچۇرلارنى ئۆي سېتىش

بۇلۇمىدىكى روشەن جايغا قويۇپ تەلەپ قىلىنىدۇ.

مۇخبىر: ئىستېمالچىلار ئۆي سېتىش ئورنىدا يۇقىرىقى ئۆچۈرلارنى كۆرمىسە ياكى باھادا كۆپتۈرمىچىلىك بارلىقىنى بايقىسا، ھوقۇقىنى قانداق قوغدىشى كېرەك؟

جۇ جېپىڭ: ئىستېمالچىلار ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات سودىگەرلىرىنىڭ قايسى ئۆچۈرلارنى ئاشكارىلاش كېرەكلىكىنى ئېنىق بىلىشى كېرەك. ئۆي سېتىش ئورنىدا بۇنداق ئۆچۈرلارنى كۆرمىسە، ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات سودىگىرىدىن كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. بەزى ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات سودىگەرلىرى سېتىلىدىغان ئۆيلەرنىڭ باھاسىنى قوللانما قىلىپ تۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن، ئىستېمالچىلار سوراپ كۆرسە بولىدۇ. ئىستېمالچىلار ئۆي سېتىش ئورنىدا ئالاقىدار ئۆچۈر ماتېرىياللىرىنى سوراپ ئالالمىغاندا، 12358 گە تېلېفون بېرىپ ئەرز قىلسا بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا چوقۇم ئىسپات بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا، باھا تارماقلىرى مەسىلىنى تېخىمۇ تېز، توغرا ھەل قىلالايدۇ ھەم مۇۋاپىق چارە كۆرەلەيدۇ.

مۇخبىر: «بەلگىلىمە» نىڭ تۈزۈلۈشى ئۆي باھاسىنى تىزگىنلىيەلەمدۇ؟

جۇ جېپىڭ: «بەلگىلىمە» نىڭ يادرولۇق مەزمۇنى، بىر يۈرۈش تاۋار ئۆيگە بىر باھا قويۇدۇرۇپ، تاۋار ئۆي تىجارەتچىلىرىنى سەممىي تىجارەت قىلىشقا، باھادا ئاشكارا بولۇشقا ئۈندەش، بۇ، تاۋار ئۆي ئېلىپ ـ سېتىش بازىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان قېلىپلاشقان تەدبىر. تاۋارنىڭ باھاسىنى تۈرلۈك ئامىللار بەلگىلەيدۇ، ئۆي باھاسىمۇ شۇنداق. «بەلگىلىمە» نى يولغا قويۇشتا ئاساسلىقى تاۋار ئۆي تىجارەتچىلىرىنىڭ بازار باھاسى ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.

(«شىنجاڭ گېزىتى» 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى سانىدىن «قەشقەر گېزىتى» كۆچۈرۈپ باسقان)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئېلانى

2010 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ھەيئىتىنىڭ 1491 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللاندى، 2010 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئېلان چىقىرىپ ئېلان قىلدى، 2010 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدۇ.

# ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆي تىزىملاش دېلولىرىنى قاراپ چىقىشقا ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى

**س ئى (2010) 15 ـ نومۇرلۇق**

ئۆي تىزىملاش دېلولىرىنى توغرا قاراپ چىقىش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر ئۆي ـ زېمىنىنى باشقۇرۇش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن، مەمۇرىي سوت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بۇ بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

**1 ـ ماددا** يۇقىرىلار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ئۆي تىزىملاش ھەرىكىتىگە، شۇنىڭدەك تىزىملاش ماتېرىيالىنى كۆرسىتىش، كۆپەيتىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي ھەرىكىتىگە ياكى قىلىدىغان ئىشنى قىلماسلىق ھەرىكىتىگە قايىل بولماي قىلغان مەمۇرىي دەۋاسىنى خەلق سوت

مەھكىمىلىرى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**2 ـ ماددا** خەلق سوت مەھكىمىسى، كېسىم كومىتېتىنىڭ قانۇن ھۆججەتلىرىگە ياكى ھوقۇقلۇق ئورگاننىڭ ئىجراغا ھەمكارلىشىش ئۇقتۇرۇشىغا، شۇنىڭدەك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلىش قارارىغا بىنائەن، ئۆي تىزىملاش ئاپپاراتىنىڭ قىلغان ئۆي تىزىملاش ھەرىكىتىگە يۇقىرىلار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار قايىل بولماي مەمۇرىي دەۋا قىلسا، خەلق سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلمايدۇ. لېكىن، يۇقىرىلار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار تىزىملاش مەزمۇنى ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىردەك بولماپتۇ، دەپ قارىغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

ئۆي تىزىملاش ئاپپاراتىنىڭ تىزىم مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمەي، ھوقۇق تەۋەلىكى ئىسپاتى، تىزىم ئىسپاتىنى ئالماشتۇرۇش، تولۇقلاش ياكى تىزىم دەپتىرىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىگە يۇقىرىلار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار قايىل بولماي قىلغان مەمۇرىي دەۋالارنى خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئۆي تىزىملاش ئاپپاراتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇنقى ئۆي تىزىملاش ھەرىكىتىگە يۇقىرىلار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار قايىل بولماي قىلغان مەمۇرىي دەۋانى خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلمايدۇ.

**3 ـ ماددا** يۇقىرىلار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار ئۆي تىزىملاش ھەرىكىتىگە قايىل بولماي قىلغان مەمۇرىي دەۋالار تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ.

(1) ئۆي يوقىلىپ كېتىش؛

(2) تىزىملاش ئاپپاراتى ئۆي تىزىملاش ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىش؛

(3) كۆچكە ئىگە قانۇن ھۆججىتىدە ئۆينىڭ ھوقۇق تەۋەلىكى ئىسپاتى، ئۆي تىزىملاش دەپتىرى ياكى ئۆي تىزىملاش ئىسپاتىنى

دىلو بىكىتىشتە دەلىل ـ ئىسپات قىلىپ ئىشلىتىش.

4 ـ ماددا ئۆي تىزىملاش ئاپپاراتى ئۆي يۆتكەلگەنلىكىنى قەرزدار سوپىتىدە تىزىملىغاندا، ھەقدار قايىل بولماي قىلغان دەۋالاردىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن بىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىشى كېرەك:

(1) ئۆي دەۋادىكى نەرسە قىلىنغان ھەقدارلىق ئالدىن خەۋەر قىلىپ تىزىملانغان بولسا؛

(2) ھەقدار رەنە قويغۇچى بولسا ھەمدە ئۆينى ئۆتۈنۈشتە ئۇنىڭ ماقۇللۇقى ئېلىنمىغان بولسا؛

(3) خەلق سوت مەھكىمىسى ھەقدارنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، ئۆيگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇش تەدبىرى قوللانغان ھەمدە بۇنى ئۆي تىزىملاش ئاپپاراتىغا ئۇقتۇرۇش قىلغان بولسا؛

(4) ئۆي تىزىملاش ئاپپاراتى خادىملىرى قەرزدار بىلەن يامان نىيەتتە تىل بىرىكتۈرۈۋالغان بولسا.

5 ـ ماددا بىر ئۆي كۆپ قېتىم يۆتكەپ تىزىملىتىلغاندا، ئەسلىدىكى ئۆي ھوقۇقى ئىگىسى، ئەسلىدىكى مەنپەئەتدار تۇنجى قېتىمقى يۆتكەپ تىزىملاش ھەرىكىتى ئۈستىدىن قىلغان مەمۇرىي دەۋانى خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ئەسلىدىكى ئۆي ھوقۇقى ئىگىسى، ئەسلىدىكى مەنپەئەتدار تۇنجى قېتىملىق يۆتكەپ تىزىملاش ھەرىكىتى ۋە كېيىنكى يۆتكەپ تىزىملاش ھەرىكىتى ئۈستىدىن بىر يوللا قىلغان مەمۇرىي دەۋاسى خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىپ، دەۋاگەرنىڭ ئالدىنقى يۆتكەپ تىزىملاش ھەرىكىتى ئۈستىدىن قىلغان دەۋا تەلىپىنى رەت قىلغان ياكى ياخشى نىيەتتىكى 3 ـ كىشىنى قوغداش ئۈچۈن ئالدىنقى ئۆي تىزىملاش ھەرىكىتىنى قانۇنغا خىلاپ دەپ مۇئەييەنلەشتۇرگەن بولسا، دەۋاگەرنىڭ كېيىنكى يۆتكەپ تىزىملاش ھەرىكىتى ئۈستىدىن قىلغان دەۋاسىنى كېسىم چىقىرىپ رەت قىلىشى كېرەك.

ئەسلىدىكى ئۆي ھوقۇقى ئىگىسى، ئەسلىدىكى مەنپەئەتدار تۇنجى قېتىملىق يۆتكەپ تىزىملاش ھەرىكىتى ئۈستىدىن مەمۇرىي دەۋا قىلماي، كېيىنكى يۆتكەپ تىزىملاش ئۈستىدىن قىلغان مەمۇرىي دەۋانى خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلمايدۇ.

6 ـ ماددا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆي تىزىملاشقا دائىر مەمۇرىي دېلونى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى مەنپەئەتدارلاردىن دەۋا قىلىنمىغانلىرىغا مەمۇرىي دەۋاغا 3 ـ كىشى سۈپىتىدە قاتنىشىشنى ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك:

(1) ئۆي تىزىملاش دەپتىرىگە كىرگۈزۈلگەن ھوقۇق ئىگىسى؛

(2) تىزىملاش، تىزىمنى ئۆزگەرتىش، تىزىمنى ئەلدىن ئۇقتۇرۇشقا باشقىچە پىكىر تۇغۇلۇپ، دەۋا قىلىنغان ھوقۇق ئىگىسى؛

(3) خەلق سوت مەھكىمىسى مۇئەييەنلەشتۇرەلەيدىغان باشقا مەنپەئەتدار.

7 ـ ماددا ئۆي تىزىملاشقا دائىر مەمۇرىي دېلولار ئۆي بار جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ، لېكىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولغانلىرى جاۋابكار تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولسىمۇ بولىدۇ:

(1) ئۆي تىزىملاش ئاپپاراتىدىن ئۆي يۆتكەشنى تىزىملاش، تىزىملاش ماتېرىيالىنى كۆرسىتىش، كۆپەيتىپ بېرىش قاتارلىق مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا؛

(2) ئۆي تىزىملاش ئاپپاراتىنىڭ ئۆي ـ مۈلۈك ئىسپاتىنى يىغىۋېلىش ھەرىكىتى ئۈستىدىن مەمۇرىي دەۋا قىلغان بولسا؛

(3) مەمۇرىي جەھەتتە قايتا قاراپ چىقىشتىكى ئۆي تىزىمنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى ئۈستىدىن مەمۇرىي دەۋا قىلغان بولسا.

8 ـ ماددا دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئۆي تىزىملاش ھەرىكىتى ئاساسىدىكى ئېلىپ سېتىش، ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىش، ھەدىيە

قىلىش، رەنە قويۇش، نىكاھلىنىش، ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق ھەق تەلەپ قانۇن مۇناسىۋەتلىرى كۆچكە ئىگە بولمىغانلىقىنى ياكى ئۇنى كۆچتىن قالدۇرۇش كېرەكلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئۆي تىزىملاش ھەرىكىتى ئۈستىدىن قىلغان مەمۇرىي دەۋالىرىدا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇلارغا ھەق تەلەپ تالاش ـ تارتىشىنى ئالدىن ھەل قىلىشنى، ھەق تەلەپ تالاش ـ تارتىشىنى بىر تەرەپ قىلىش سورۇقى مەمۇرىي دەۋا مۇھاكىمىگە قوشۇپ ھېسابلانمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى؛ قوبۇل قىلغانلىرىدا دەۋانى كېسىم ئارقىلىق توختىتىپ تۇرۇشى كېرەك.

9 ـ ماددا جاۋابكارنىڭ دەۋا قىلىنغان ئۆي تىزىملاش ھەرىكىتىنىڭ قانۇنلۇق ـ قانۇنلۇق ئەمەسلىكى ھەققىدە دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىش جاۋابكارلىقى بولىدۇ. جاۋابكارلاردىن دەلىل ـ ئىسپاتنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى ساقلاۋاتقانلىرى سوتتا كۆرسىتىلىشى كېرەك. جاۋابكارلاردىن ئەسلىي نۇسخىسىنى ساقلاپ قويمىغانلىرى ئەسلىي نۇسخىسى بىلەن ئوخشاش كۆپەيتىلمىسى، تەقلىدىي نۇسخىسىنى تاپشۇرۇشى ھەمدە ئەسكەرتىش بېرىشى كېرەك. دەۋالاشقۇچىلاردىن جاۋابكار تاپشۇرغان يۇقىرىقى دەلىل ـ ئىسپاتلارغا باشقىچە پىكرى بولغانلىرى مۇناسىپ دەلىل ـ ئىسپاتنى بېرىشى كېرەك.

10 ـ ماددا دەۋا قىلىنغان ئۆي تىزىملاش ھەرىكىتى قانۇنلۇق بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسى دەۋاگەرنىڭ دەۋا تەلىپىنى ھۆكۈم ئارقىلىق رەت قىلىشى كېرەك.

11 ـ ماددا دەۋا قىلىنغان ئۆي تىزىملاش ھەرىكىتى بىر نەچچە ھوقۇق سۇبيېكتىغا چېتىلىدىغان بولسا ياكى ئۆيىنى بۆلگىلى بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم سۇبيېكتلار ياكى ئۆي تىزىمى قانۇنغا خىلاپ بولغانلىقتىن كۆچتىن قالدۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، بىر قىسمىنى كۆچتىن قالدۇرۇش ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلسا بولىدۇ. دەۋا قىلىنغان ئۆي تىزىملاش ھەرىكىتى

قانۇنغا خىلاپ بولسىمۇ، تىزىملاش ئاپپاراتى بۇ ھەرىكەتنى ئۆزگەرتكەن بولسا، دەۋا قىلىنغان ھەرىكەتنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكى ھۆكۈمدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ.

دەۋا قىلىنغان ئۆي تىزىملاش ھەرىكىتى قانۇنغا خىلاپ بولسىمۇ، ئۇ ھۆكۈم ئارقىلىق كۈچتىن قالدۇرۇلغاندا جامائەت مەنپەئەتى زور زىيانغا ئۇچرايدىغان بولسا ياكى ئۆيگە ئۈچىنچى كىشى ياخشى نىيەت بىلەن ئېرىشكەن بولسا، دەۋا قىلىنغان ھەرىكەتنى قانۇنغا خىلاپ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش، تىزىملاش ھەرىكىتىنى كۈچتىن قالدۇرماسلىق ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

**12 ـ ماددا** ئىلتىماس قىلغۇچى ئۆينى يالغان ماتېرىيال بېرىپ تىزىملىتىۋېتىپ دەۋاگەرنى زىيانغا ئۇچراتقاندا، ئۆي تىزىملاش ئاپپاراتى مۇۋاپىق تەكشۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان بولسا، ئۇ خاتالىقنىڭ دەرىجىسىگە ۋە زىيان پەيدا بولۇشتا ئوينىغان رولىغا قاراپ، مۇناسىپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**13 ـ ماددا** ئۆي تىزىملاش ئاپپاراتى خادىملىرى ئۈچىنچى كىشى بىلەن يامان نىيەتتە تىل بىرىكتۈرۈپ، قانۇنغا خىلاپ ھالدا تىزىملاپ، دەۋاگەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە چېقىلغان بولسا، ئۆي تىزىملاش ئاپپاراتى بىلەن ئۈچىنچى كىشى چاتما تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**14 ـ ماددا** ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇرۇنقى مۇناسىۋەتلىك قانۇن يۈرگۈزۈش ئىزاھاتلىرى مۇشۇ بەلگىلىمە بىلەن بىردەك بولمىغان بولسا، مۇشۇ بەلگىلىمە ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

يېزىلارنىڭ كوللېكتىپ يېرىدىكى ئۆينى تىزىملاشقا دائىر مەمۇرىي دېلولاردا مۇشۇ بەلگىلىمىدىن پايدىلىنىلىدۇ.

(«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئاپپاراتى» نىڭ 2011 ـ يىلى 3 ـ ساندىن ئېلىندى)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئېلانى

«ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دۆلەت يېرىدىكى ئۆيلەردىن ئېلىنغانلىرىغا تولۇقلىما بېرىش قارارىنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىش خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلىنغان دېلولارنى بىجىرىشكە ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ھەيئىتىنىڭ 1543 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، ھازىر ئېلان قىلىندى، 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلسۇن.

2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

## ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دۆلەت يېرىدىكى ئۆيلەردىن ئېلىنغانلىرىغا تولۇقلىما بېرىش قارارىنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىش خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلىنغان دېلولارنى بىجىرىشكە ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى

س ئى [2012] 4 ـ نومۇرلۇق

بۇ بەلگىلىمە شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەت يېرىدىكى ئۆيلەردىن ئېلىنغانلىرىغا تولۇقلىما بېرىش قارارى (تۆۋەندە ئۆيلەردىن ئېلىنغانلىرىغا تولۇقلىما بېرىش قارارى دېيىلىدۇ) نى مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى خەلق سوت

مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلغان دېلولارنى قانۇن بويىچە توغرا بېجىرىش، جامائەت مەنپەئەتىنى قوغداش، ئۆيى ئېلىنغان ھوقۇقدارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي مەجبۇرلاش قانۇنى»، دۆلەت يېرىدىكى ئۆينى ئېلىش ياكى تولۇقلىما بېرىش نىزامى (تۆۋەندە «نىزام» دېيىلىدۇ) قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن، سوت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چىقىرىلدى.

1 ـ ماددا ئۆيلەردىن ئېلىنغانلىرىغا تولۇقلىما بېرىش قارارىنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىش خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلىنغان دېلولار ئۆي بار جايدىكى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى بار سوت مەھكىمىسىنى شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ قارار قىلسا بولىدۇ.

2 ـ ماددا مەمۇرىي ئورگان مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلىشتا، «نىزام»نىڭ 28 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىي ئىجرار قىلدۇرۇش ئىلتىماسى ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللارنى بەرگەندىن باشقا، تۆۋەندىكى ماتېرىياللارنىمۇ بېرىشى كېرەك.

(1) ئۆيلەردىن ئېلىنغانلىرىغا تولۇقلىما بېرىش قارارى، مۇناسىۋەتلىك دەلىل ـ ئىسپاتلار ۋە ئاساسلانغان قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەت؛

(2) ئۆيلەردىن ئېلىنغانلىرىغا تولۇقلىما بېرىش قارارىنى يەتكۈزگەنلىك ئىسپاتى، سۆيلەش ئەھۋالى ۋە ئۆيى ئېلىنغۇچىنىڭ، بىۋاستە مەنپەئەتدارنىڭ پىكرى؛

(3) ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كەلتۈرىدىغان خەۋپ ـ خەتەرنى باھالاش ماتېرىيالى؛

(4) مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇش ئىلتىماس قىلىنغان ئۆينىڭ ئەھۋالى؛

(5) ئىجرا قىلدۇرۇلغۇچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ياكى نامى، ئادرېسى ۋە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇلىدىغان مۇناسىۋەتلىك مال ـ مۈلۈكنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق كونكرېت ئەھۋاللار؛

(6) قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا تاپشۇرۇش بەلگىلەنگەن باشقا ماتېرىياللار.

مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىش ئىلتىماسىغا ئىلتىماس قىلغۇچى ئورگاننىڭ مەسئۇلى ئىمزا قويۇشى، تامغىسى بېسىلىشى ھەمدە چېسلا يېزىلىشى كېرەك.

مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىش ھەققىدە ئىجرا قىلدۇرۇلغۇچىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن دەۋا مۆھلىتى توشقان كۈندىن باشلاپ 3 ئاي ئىچىدە ئىلتىماس قىلىش كېرەك؛ يوللۇق ئاساسى بارلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۆھلەت ئۆتكەندە قىلىنغان ئىلتىماسلارنى خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلمايدۇ.

3 ـ **ماددا** خەلق سوت مەھكىمىسى مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىش ئىلتىماسلىرىدىن شەكىل جەھەتتىكى مۇھىم شەرتكە توشىدىغانلىرىنى ھەمدە ماتېرىيالى تولۇق بولغانلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ 5 كۈن ئىچىدە دېلو ئېچىشى ھەمدە ئىلتىماس قىلغۇچى ئورگانغا ئۇقتۇرۇش قىلىشى؛ شەكىل جەھەتتىكى مۇھىم شەرتكە توشمايدىغانلىرىنى ھەمدە ماتېرىيالى تولۇق بولمىغانلىرىنى تولۇقلاشقا مۆھلەت بەلگىلەپ بېرىشى ھەمدە ئاخىرقى تولۇقلاش ماتېرىيالىنى بەرگەندىن كېيىنكى 5 كۈن ئىچىدە دېلو ئېچىشى؛ شەكىل جەھەتتىكى مۇھىم شەرتكە توشمايدىغانلىرىنى ياكى ماتېرىيالىنى مۆھلەت ئۆتكۈچە يوللۇق

سەۋەبسىز تولۇقلىمىغانلىرىنى قوبۇل قىلماسلىق ھەققىدە كېسىم چىقىرىشى كېرەك.

ئىلتىماس قىلغۇچى ئورگانلاردىن قوبۇل قىلماسلىق ھەققىدىكى كېسىمگە باشقىچە پىكىردە بولغانلىرى كېسىمنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى قايتا قاراپ چىقىش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە كېسىم چىقىرىشى كېرەك.

4 ـ ماددا خەلق سوت مەھكىمىسى دېلو ئاچقان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە ئىجراغا رۇخسەت قىلىش ـ قىلماسلىق ھەققىدە كېسىم چىقىرىشى؛ ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ، تەكشۈرۈش مۆھلىتىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلگەنلىرىنى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە تەستىقلىتىشى كېرەك.

5 ـ ماددا خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈش مەزگىلىدە ئېھتىياجغا قاراپ، مۇناسىۋەتلىك دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئالدۇرسا، دەۋالاشقۇچىلاردىن گەپ سورىسا، ئىسپات ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇرسا ياكى نەق مەيداننى تەكشۈرسە بولىدۇ.

6 ـ ماددا ئۆيلەردىن ئېلىنغانلىرىغا تولۇقلىما بېرىش قارارلىرىدىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولغانلىرىنى ئىجرا قىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق ھەققىدە خەلق سوت مەھكىمىسى كېسىم چىقىرىشى كېرەك:

(1) پاكىتى ۋە ئاساسى ئېنىق تولۇق بولمىغانلىرى؛

(2) قانۇن ـ نىزام ئاساسى ئېنىق تولۇق بولمىغانلىرى؛

(3) ئادىل تولۇقلىما بېرىش پرىنسىپىغا ئېنىق مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىرى، ئىجرا قىلدۇرۇلغۇچىنىڭ قانۇني ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغانلىرى ياكى ئىجرا

قىلدۇرۇلغۇچىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت شارائىتىنى كاپالەتسىز قىلىپ قويىدىغانلىرى؛

(4) مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش مەقسىتىگە ئېنىق خىلاپ كېلىدىغانلىرى، جامائەت مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغانلىرى؛

(5) قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ياكى يوللۇق تەرتىپكە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپ كېلىدىغانلىرى؛

(6) خىزمەت هوقۇقىدىن هالقىپ كەتكەنلىرى؛

(7) مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇلسا مۇۋاپىق بولمايدىغانلىقى قانۇن، نىزام، قائىدە قاتارلىقلاردا بەلگىلەنگەن باشقا ئەهۋاللار.

خەلق سوت مەهكىمىسى ئىجرا قىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق هەققىدە كېسىم چىقارغاندا ئاساسىنى چۈشەندۇرۇشى هەمدە ئىلتىماس قىلغۇچى ئورگانغا كېسىمنى 5 كۈن ئىچىدە يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك.

7 ـ ماددا ئىلتىماس قىلغۇچى ئورگانلاردىن ئىجرا قىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق هەققىدىكى كېسىمگە باشقىچە پىكرى بولغانلىرى كېسىمنى تاپشۇرۇۋېلىپ 15 كۈن ئىچىدە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق سوت مەهكىمىسىگە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق سوت مەهكىمىسى قايتا قاراپ چىقىرىش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە كېسىم چىقىرىشى كېرەك.

8 ـ ماددا خەلق سوت مەهكىمىلىرىدىن ئىجرا قىلىشقا رۇخسەت قىلىش هەققىدە كېسىم چىقارغانلىرى ئىلتىماس قىلغۇچى ئورگانغا ۋە ئىجرا قىلدۇرۇلغۇچىغا كېسىمنى 5 كۈن ئىچىدە يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك هەمدە ئەمەلىي ئەهۋالغا قاراپ، قانۇن بويىچە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ، ئۆيىنى ئېلىش ۋە تولۇقلىما بېرىش پائالىيەتلىرىنىڭ نورماللىقىنى

كاپالەتلەندۇرۇشنى ئەلتىماس قىلغۇچى ئورگانغا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ.

9 ـ ماددا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا قىلىشقا رۇخسەت قىلىش ھەققىدىكى كېسىمىنى ئومۇمەن ئۆيلەردىن ئېلىنغانلىرىغا تولۇقلىما بېرىش قارارى چىقارغان شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەشكىللەپ يولغا قويىسىمۇ. خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىجرا قىلىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

10 ـ ماددا «نىزام» يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن ئۆينى چېقىش ـ كۆچۈرۈش ئىجازەتنامىسى قانۇن بويىچە ئېلىنغان قۇرۇلۇشلاردىن ئۆينى چېقىش ـ كۆچۈرۈش قارارىنى ئىجرا قىلىشقا رۇخسەت قىلىش ھەققىدە خەلق سوت مەھكىمىسى كېسىم چىقارغانلىرى مۇشۇ بەلگىلىمىنىڭ 9 ـ ماددىسىدىكى روھتىن پايدىلىنىپ بىر ياقلىق قىلىنىدۇ.

11 ـ ماددا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇرۇنقى قانۇن يورگۇزۇش ئىزاھاتلىرى بۇ بەلگىلىمە بىلەن بىردەك بولماي قالغان بولسا، مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

(«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئاخباراتى» نىڭ 2012 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن ئېلىندى)

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن ـ نىزاملار توپلىمى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) 2005 ـ يىلى 7 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سېلىشتۇرما نەشرى (تۆت توم).
2. «دائىم قوللىنىلىدىغان قانۇنلار توپلىمى» (مىللەتلەر نەشرىياتى) 2004 ـ يىلى 4 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.
3. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيەلىك ئىزاھاتلار توپلىمى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) 2004 ـ يىلى 4 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.
4. «دائىم قوللىنىلىدىغان قانۇن ۋە ئەدلىيەلىك ئىزاھاتلار توپلىمى» (خەلق سوت مەھكىمىسى نەشرىياتى) 1997 ـ يىلى 10 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.
5. «ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇن ئۆگىنىشىگە دائىر تەكرارلاش ماتېرىيالى» (شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى) 2007 ـ يىلى 11 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.
6. «ئۆيى يىغىپ ئېلىنغۇچى ۋە كۆچۈرۈلگۈچىلەرنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتى قانداق كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ» (مىللەتلەر نەشرىياتى) 2008 ـ يىلى 7 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.
7. «يۈز مىڭلىغان قانداق قىلىش كېرەك؟ يەر ـ زېمىن، ئۆي ـ مۈلۈك ماجىرالىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) 2009 ـ يىلى 12 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.
8. «يۈز مىڭلىغان قانداق قىلىش كېرەك؟ يىغىۋېلىش ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) 2010 ـ يىلى 7 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.
9. «365 قانداق قىلىش كېرەك؟ دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۈچۈن قانۇندىن

سوئال ـ جاۋابلار»، 1 ـ قىسىم. (شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو ـ سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترونلۇق ئۈن ـ سىن نەشرىياتى) 2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى.

10. «يېزىلارغا دائىر قانۇنلاردىن لېكسىيە، يەر ـ ئۆيگە ئائىت قانۇن بىلىملىرى»، (جۇڭگو يېزا ئىگىلىك نەشرىياتى) 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى.

11. «يېزا ۋە ئىجتىمائىي رايونلار ئۈچۈن قانۇندىن سوئال ـ جاۋابلار» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى) 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى (كەمىنە تۈزگەن)

12. «قانۇن، قانۇن ـ قائىدىلەر خەزىنىسى تورى» (法律 法规 库 网)

تور ئادرېسى: http://www.people.com.cn

13. «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك گېزىت ـ ژۇرناللار.

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：吾买尔·司马义
责任编辑：吐尔逊买买提·哈斯莫夫
　　　　　努尔比亚·司马义
特约编辑：阿布来提·居马卡谱热克
责任校对：努力曼·卡德尔
封面设计：吾布里卡斯木·艾买提
制　　版：麦热木尼沙·阿不力孜

**关于房屋土地征收赔偿的法规知识**（维吾尔语）

艾尔肯·阿不力来提　　编著

---

新 疆 人 民 总 社
新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　　新疆力诺商务印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32开本　6.125印张
2013年3月第1版　2013年3月第1次印刷

---

ISBN978-7-5466-1187-7　定价：20.00元（民文）

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت



ISBN 978-7-5466-1187-7

9 787546 611877 >

定价:20.00 元